


# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

XINJIANG CIVILIZATION

3
1990



1955 ـ يىلى «12 مۇقام»نى رەتلەش، لېنتىغا ـ نوتىغا ئېلىش، تەرجىمە قىلىش خىزمىتىنىڭ
تاماملىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن چۈشكەن خاتىرە سۈرەت.
ئالدىنقى رەت سولدىن: 1. نەقشبەند ئەرمىيائىلى داموللا سايرامىي، 2. تۇردى ئاخۇن ئاكا،
3. ياسىن خۇدابەردى، 4. ۋەن تۇڭشۇ، 5. سۇلايمان ئاخۇن (تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ ئوغلى).
2 ـ رەت سولدىن: 1. يۇي چىڭشەن، 2. سىراجىددىن زۇفەر، 3. تېيىپجان ئېلىيېۋ، 5. ۋەن
فاڧۇ، 6. ما جىڭفاڭ. 3 ـ رەت سولدىن: 2. ئەرشىددىن تاتلىق، 3. ئابدۇربېشت ئىمىنوۋ.
ــــسۈرەتنى ئەرشىددىن تاتلىق تەمىنلىگەن

شىنجاڭ مەدەنىيىتى . قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

39- يىل نەشرى 1990- يىل 3- سان (ئومۇمىي 184- سان)

# بۇساندا

## مۇھاكىمە

ھازىرقى جاھان مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىدىكى پاجىئەلىك زىددىيەت
تۇغرىسىدا ........................ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 2

## ئەدەبىيات گۈلزارى

دوزاختا ھۆكۈم قىلىنغان ئادەم ... (ھېكايە) .................. توختى ئايۇپ 14
ساۋاق .................. (« ») .................. نۇرمۇھەممەت توختى 76
ئىنسان ۋە زېمىن .................. (داستان) .................. قۇربان بارات 31
تەسرات دېڭىزىدىن تامچىلار .................................. شاكىر بۇغرا 79
ئابدۇرەشىد ئابدۇلھەمىد، ياقۇپ كېرەم، دولقۇن روزى، تۇراپ دائىم

## سەھنە ئەسەرلىرى

كۆيۈغۇل .................. (كومېدىيە) .................. سەئىد ئەھمەد 39

مۇقاۋىدا: شائىر، جامائەت ئەربابى نىمشېھىد ئەرمىيا ئېلى داموللا سايرامىي (1972—1906) پەرھاد ئىبراھىم سىزغان. مۇقاۋىنىڭ 4- بېتىدە: توي كېچىسى (ماي بوياق) ئەبەيدۇللام ئابدۇللا سىزغان. رەسسام ۋە خەتتات: ئابلىمىت ئابلىمىز (تەكلىپ قىلىنغان). مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت.

تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى، باش مۇھەررىر: مۇھەممەت زۇنۇن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت (بۇ ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى)
مەسئۇل مۇھەررىر: ساتتار توختى
تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى:
مۇھەممەت زۇنۇن، مۇھەممەت تاتلىق، ئىبراھىم پەخرىددىن، نىزامىددىن ھۈسەيىن، مۇھەممەتئېلى زۇنۇن، قۇربان مامۇت، ساتتار توختى



# ھازىرقى جاھان مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىدىكى پاجىئەلىك زىددىيەت توغرىسىدا

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

«مەن ئۆز پائالىيەتلىرىم بىلەن ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي ماھىيىتىدىن بولغان مېنىڭ ئىنسانىي ھەقىقىي ماھىيىتىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشۇم كېرەك. شۇ چاغدا بىزنىڭ ماھىيىتىمىزنىڭ نۇرانە شولىسى مەھسۇلاتلىرىمىزنىڭ ئەينىكىدە جىلۋىلەنگەن بولىدۇ.»

كارل ماركس



## 1

يىگىرمىنچى ئەسىر ئەڭ ئاخىرقى ئون يىلغا قەدەم قويدى! ئىنسانىيەت ئانازېمىن – ئۆز پىلانېتىسىدا يېڭى ئەسىرگە، يىگىرمە بىرىنچى ئەسىرگە يۈزلىنىپ قالدى!

يىگىرمە بىرىنچى ئەسىر يېڭى مىڭىنچى يىللارنىڭ تۇنجى مەلىكىسىدەك كىشىلەر قەلبىدە ئۈمىد چىرىغى يېقىپ، ئىلھام فونتانلىرىنى بۇژغۇتۇپ، تەسەۋۋۇر مەنزىرىلىرىنى سىزىشقا باشلىدى. ھەممەكىشى نۇرانە يېڭى يۇلتۇزغا تەلپۈنگەن مۇنەججىملەردەك ئىقبال



رەسەتخانىلىرىغا كىرىپ، كۆڭۈل بوشلۇقىنى بېزىمەكتە. ھەر قايسى ئەللەرنىڭ ئالىملىرى بىلەن كەلگۈسىشۇناسلىرى گېزىت - ژۇرناللارنى ئۈمىدۋار ئالدىن ئېيتىشلار، ئاجايىپ رەقەم مەلۇماتلىرى، جەرىبىكار ئەسلىھە لايىھەلىرى بىلەن كۆمۈپ تاشلىمىدى. ئالەم قاتنىشىدىن يېڭى ئېنېرگىيە قىياسلىرىغىچە، تىبابەتچىلىك ئىقتىدارىدىن ئۆي ۋە كىيىم مودى-لىرىغىچە، ئەيتاۋۇر ئىنساندىن ئىبارەت قۇياش سىستېمىسىنىڭ بۇ ئەزىمەت شاھزادىسىنىڭ ھەممە توي ۋە ئايەملىك جابدۇنمىسى دەبدەبىلىرى ھەممە كۆڭۈللەرگە ئىشتىياق چېچەكلىرى تاقىدى. ئېرىزىم-ئەسىرىمىزنىڭ ئاخىرقى ئون يىللىق شېئىرىي تىنىقى بولۇپ قالدى! چېچىغا ئاق سانجىغان ۋە قەددى پۈكۈلۈپ قالغان ئەسىرىمىزنىڭ پېشقەدەم شاھىدلىرىمۇ خۇشاللىق تەبەسسۇملىرىگە ئارمان ھەسرەتلىرىنى يوشۇرۇشتى.

شۇنداقتىمۇ ناگاھان - ناگاندا تېرەن خىياللىرى بىلەن تېنى جۇغۇلداپ، گاھ پىچىرلاپ، گاھ قىقاس سېلىپ يۈرگەن نەپەككۇر ئىگىلىرىنى يولۇقتۇرغىلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭۈلنى غەشلەش-تۈرىدىغان ۋايساشلىرىدا ئىنسانىيەت تۇرمۇش چىنلىقىنىڭ رېئىتكېن سۈرىتى ئىزاھلانغان!

يىگىرمە بىرىنچى ئەسىر قەيەردىن كېلىدۇ؟

ئۇنى كىشىلەر ئادەتتىكى تەسەۋۋۇر بىلەن «نورۇز بوۋاي» ئالدىغا كەلگەن «قاناتلىق ئۇسمۇر بالا» سىياقىدا تەسۋىرلىشىپ كېلىشتى. ئۇنى ھازىرقى ئالەم تەسەۋۋۇرى بويىچە يىراق يۇلتۇزلار دۇنياسىدىن كېلىدىغان ئۇچار تەخسىدىن چىققان نەۋقىران يىگىت ئوبرازىدا خىيال قىلىش-لارمۇ شەكىللەنمەكتە.

يىگىرمە بىرىنچى ئەسىرمۇ ئادەتتىكى ئەسىرلەرگە ئوخشاش ئانا ئەسىر قارنىدىن تۇغۇلىدۇ! ئۇنىڭ تارىخ شەجەرىسىنىڭ زەنجىر ھالقىلىرىدىكى ئورنى ۋە ھالىتى ئۇرى ھامىلە بولغان ئانا ئەسىرنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ قانداقلىقىغا باغلىنغان!

ئەسىرىمىزنىڭ-ناھايىتى ھېكمەتلىك پوئېتىك ئىبارىسى بىلەن ئېيتقاندا «بىزنىڭ ئەسىرىمىز»، «مەردلەر ئەسىرى» بولغان بۇ يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ ئانا قارنى - ھازىرقى مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى تولىمۇ تېپىك، ئۆتكۈر، پاجىئەلىك زىددىيەت ۋە توقۇنۇش ئازابى بىلەن تولغان! ئۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن تېپىك، ئۆتكۈر ۋە پاجىئەلىككى، مەلۇم مەنىدە شېكسپىرنىڭ ئەڭ ئاتاقلىق ئىككى تراگېدىيىلىك ئەسىرى «رومېئو - جۇلىيېت» بىلەن «ھاملېت» تە تەسۋىرلەنگەن ئائىلە-جەمئىيەت زىددىيەتلىرى ۋە خىيانەتكارانە ۋىجدان بۇرۇلۇشى ئازاب-ئوقۇبەتلىرىدىن ھېچقانداق بەدىئىي رەڭ بېرىشكە ھاجەتسىز ھالدا تۇغرىدىن تۇغرا ئېغىر چىنلىق ئىچىدە ئۆز ئەھۋالىنى شەكىللەن-دۈرگەن. كىشىلەر تېخى شېكسپىرنىڭ بۇ ئىككى تراگېدىيىلىك ئەسىرىدىنمۇ ئۈلگىلىكرەك پاجىئەلىك سەھنە كىتابىنى كۆرمىگەن ئەمەسمىدى؟!

دەرھەقىقەت، ئالىملار ۋە كەلگۈسىشۇناسلارنىڭ يېڭى بىر ئەسىرنىڭ تەبىئەتنى بويسۇن-دۇرۇش ئىقتىدارى توغرىسىدا ئالدىن ئېيتقانلىرى خام خىيال بولماستىن، تولىمۇ «رېئال مۇمكىنلىك»، ئەلۋەتتە. مەن ئۇلارنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ پولات مۇشتۇملۇق گىگانت ئاتوم ئادىمى بولۇشى توغرىسىدىكى ئۈمىدۋارلىقلىرىغا ئېتىراز بىلدۈرمەيمەن. شۇنىڭدەك، يېڭى بىر ئەسىر-نىڭ ئىنسانىيەتنىڭ خۇددى كارل ماركس ئېيتقاندەك ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئىنسانىي ماھىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى ئىنسانغا خاس ئاڭلىق باشقۇرۇش ۋە تىزگىنلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشىغا تىلەكداشمەن. مېنىمۇ ئەنسىرىتىۋاتقىنى پولات مۇشتۇملۇق گىگانت ئاتوم ئادىمىنىڭ ئۆز مۇشتۇمىنى ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز-ئۆزىگە قارىتىپ، يۈرەك ئىگىسى بولغان ئىجتىمائىي ئادەمنىڭ «ھەقىقىي ئىنسانىي ماھىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش» ئۈمىدىنى بىكار

www.uyghurkitap.com

قىلىپ، ئۇلۇغ زېمىن پىلانېتىمىزنى «ھاياتىدىن مەھرۇم بولغان»، «بۇلغانغانلار ئۇۋىسى بولغان» يۇلتۇزلار قاتارىغا ئۇرۇپ كىرگۈزۈپ قويۇش مۇمكىنلىكى بولۇپ تۇرماقتا. زورىيىپ كېتىۋاتقان پولات مۇشت بىلەن ۋەجىكلەپ كېتىۋاتقان مۇسكۇل يۈرەككە بۇ ماقالىدا مېنىڭ تەپەككۇر شاھماتلىرىم مۇشۇ ئىككى قۇتۇپ ئۈستىدە ئىش ئېلىپ بارىدۇ. روشەنكى، زامانىمىزدا ئىنسان پائالىيىتى ۋە تەقدىرى توغرىسىدا بۇنىڭدىنمۇ ماھىيەتلىك، بۇنىڭدىنمۇ تۈپلۈك «رېئاللىق مەسىلىسى» بولۇشى مۇمكىن ئەمەس!

2

شەكلەن ئېيتقاندا، 100 يىل بىر ئەسىر ئىكەنلىكىنى ھەممە كىشى بىلىدۇ. ئىلگىرىلەپ ئېيتقاندا، ئەسىر دېگىنىمىز — مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى ھالقا ۋە قاتلامدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنىمۇ كىشىلەر چۈشىنىدۇ. ئەسىرلەر ئاسترو- ماتېماتىكىلىق ھېساباتتىكى چوڭراق بىرلىك، شۇنىڭدەك مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى مۇھىم بىر تارىخىي بىرلىك، مۇھىم بىر مەلەكىلىك سۈپەت. ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى، كەڭ مەنىدىكى تارىخىي بىرلىك ۋە تارىخىي مەلەكە سۈپىتىدە جەمئىيەتنىڭ مۇئەييەن قۇرۇلمىلىق سىستېمىسىنى، ئىقتىدار سىستېمىسىنى، ئىزگىنلەش سىستېمىسىنى، باشقىچە ئېيتقاندا، راۋاجلىنىۋاتقان ئىنسانىيەتنىڭ ماددىيلاشقان ئاڭ تۈركۈملىرى ۋە ئاڭ چەمبەرلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىنسانىيەت نەچچە تۈمەن يىللىق مەدەنىيەت تارىخىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ كەلگەن بولۇشىغا قارىماي، تېخى ھەقىقىي مەنىدىكى مەدەنىيەتشۇناسلىق ئىلمىگە مۇيەسسەر بولمىدى. ھەر خىل تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە سەنئەتشۇناسلىق پەنلىرى بۇ مەدەنىيەت ئوبيېكتىنى پارچىلاپ تەتقىق قىلىپ كەلدى. ئىنسانشۇناسلىق (ئانتروپولوگىيە)، مىللەتشۇناسلىق (ئېتنولوگىيە) پەنلىرى ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ ئېتنوگېنېزىسى، جىسمانىي شەكىللىنىشى، ئىپتىدائىي تۇتېم، ئىپتىدائىي مەدەنىيەت ۋە ئەپسانە- رىۋايەتلەر ھەققىدىكى ئۇنداق ياكى مۇنداق تەلىماتلارنىڭ جەڭگاھى بولۇپ داۋاملاشماقتا. تېخى ھېكمەتلىك پىكىر ئۇچقۇنلىرىنىڭ «ئالىجوقا»لارچە ۋەھىي- بېشارەتلىرىدىن باشقا مەدەنىيەت سۈبيېكتى توغرىسىدىكى، بىر پۈتۈن ئىنسانشۇناسلىق مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى، مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى توغرىسىدىكى كەلگۈسىشۇناسلىق كاتېگورىيىسىدىكى پەنلەر شەكىللىنىپ چىقمىدى! بىز ئۇنىڭ شەكىللىنىشىنى كۈتۈپ تۇرماستىنلا، ئاخىرقى ئون يىللىقنى باشلىۋەتكەن ئۆز ئەسىرىمىز — يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىدىكى زىددىيەتچان چىنلىقىغا بىر نەزەر سېلىپ كۆرەيلى! ئۇ، يىگىرمە بىرىنچى ئەسىر ھەققىدىكى ئۈمىد ۋە ئەندىشىلىرىمىزنىڭ ھەقىقىي بۇلىقى. ئۇ يەنە يېڭىچە زامانىۋى تەپەككۇر تۇرغۇزۇشىمىزنىڭ ھەقىقىي دەۋەتچىسى. يىگىرمىنچى ئەسىرگە قانداق باھا بېرىشىمىز مۇمكىن؟ تەڭرى ياراتقان «ئادەم» بىلەن «ھاۋا» بۇ ئەسىردە نېمىلەرنى قىلىدى؟ گەپ تولا، ئەمما ماھىيەتلىك ھۆكۈم تولىمۇ قىسقا: يىگىرمىنچى ئەسىر ئادەتتىكىچە بولمىغان ئۇلۇغۋار ئەسىر بولدى! يىگىرمىنچى ئەسىر ئاپەتكە تولغان كېسەل ھالەتلىك ئەسىر بولۇپ تۇرماقتا! بۇنىڭ قايسىبىرىنى ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى كىشىلەردىن يوشۇرۇش مۇمكىن؟! زىددىيەتنى ئاشكارا تىلغا ئېلىشتىن مەقسەت، ئىنسانىيەتنى ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئىستىقبالىغا ئاڭلىق كۆيۈندۈرۈشتىن ئىبارەت، ئەلۋەتتە.

3

يىگىرمىنچى ئەسىردە ئىنسانىيەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە پەن- تېخنىكا جەھەتتە غايەت زور پارتلاش خاراكتېرلىك ئەمەلىي نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. بۇ جەھەتتىكى نەتىجە جەۋھىرى پۈتكۈل مەدەنىيەت تارىخىنىڭ يىغىندىسىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى! ئىنسان قۇياش سىستېمـ

سىدىكى ئەزىمەتكە، ئاتوملاشقان قۇدرەتكە ئايلاندى. ماكان نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئىنسان يەر شارىنى ئىزگىنلىدى، ئۇنى ھالاك قىلىش مۇمكىنلىكلىرىنى ئىلكىگە ئالدى! بۇ — مەدەنىيەتنىڭ مىسلىسىز زور زەپەر مارشى ئىدى!

يىگىرمىنچى ئەسىردە يەنە شۇ ئىنسانىيەت ئون توققۇزىنچى ئەسىردىن مىراس قالغان ھوقۇق ئېتىقادچىلىقى ۋە ھەممىنى ھاكىممۇتلەق ئىرادە بەلگىلەش قاراشلىرىدىن ئايرىلالمىدى، دوللارغا چوقۇنۇش يېڭى ئەسەبىيلىككە كۆتۈرۈلدى. ئىرقچىلىق، بولۇپمۇ شوۋىنىزىم- فاشىزىملىق يېڭى تەرسالىقلار ۋە جاھان ئۇرۇشى قىرغىنچىلىقلىرىنى ياراتتى. نوپۇسىنىڭ قىيان- تاشقىندەك ئېشىپ كېتىشى، سۇ - ھاۋا- تۇپراق- ئۆسۈملۈك - ھايۋان ۋە مۇز قاتلاملىرىنىڭ بۇلغىنىشى، ئاتموسفېرالىق قاتلام ۋە ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى، يۇقۇملۇق ۋە ئەجەللىك كېسەللەر بىلەن زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ كېڭىيىپ كېتىشى، مىللىي ئۆچمەنلىك ياكى بىر- بىرىنى ھالاك قىلىش روھىيىتىنىڭ باش كۆتۈرۈشى، ئىنسانلار قەلبى ۋە ئەخلاقىدىكى چۈشكۈنلىشىش ھەر قاچانقىدىنمۇ بەتتەر، ۋەھشىلىك قىرغاقتا يېقىنلاپ قالدى. ئىككى قېتىملىق جاھان ئۇرۇشى جەڭ مەيدانلىرىنى يەتمىش مىليون جەسەت بىلەن ياپتى. ناتسىستلار ۋە فاشىستلار جازا لاگېرلىرىدا 15 مىليوندىن ئارتۇق ئىنسان ئۇرۇش سانائىتىنىڭ سىناق ماتېرىيالى بولۇپ كۈلگە ئايلاندى. جاھان ئۇرۇشلىرى سىرتىدىكى «قىسمەن ئۇرۇش» ئوچاقلىرىدا تۇتەككە ئايلانغانلار بىلەن «تىنچ كۈنلەر»دىكى لاگېر ۋە پاجىئەلەر بىلەن كۆز يۇمغانلارمۇ ئىككى قېتىملىق جاھان ئۇرۇشىدا ئۆلگەنلەردىن كۆپرەك رەقەمنى ھاسىل قىلدى. تۇغۇلۇشتىكى غەيرىي نورمال نوپۇز پاجىئەسى بىلەن ئۆلۈشتىكى غەيرىي نورمال نوپۇز پاجىئەسى ئىنسانىيەتنىڭ زامانىمىزدىكى مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىنىڭ ماھىيەتلىك زىددىيىتىنى كۆرسىتىدىغان تارىخىي مەسخىرىگە ئايلىنىپ قالدى! بۇ — سىۋىلىزاتسىيىنىڭ مىسلىسىز زور مەرسىيىسى بولدى!

مەدەنىيەتنىڭ مىسلىسىز زور زەپەر مارشى بىلەن سىۋىلىزاتسىيىنىڭ مىسلىسىز زور مەرسىيىسى — مانا بۇلار ئەسىرىمىزنىڭ خاراكتېرلىك ئالامىتى!

بۇ نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟

بۇ — ئىنسان ئەزىمەت ئاتوم ئادىمىگە ئايلىنىش بىلەن بىللە غەيرىي ئىنسانىي ئىنسان، غەيرىي سىۋىلىزاتسىيىلىك مېخانىك ئىمكانىت بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ! ئۇ، تېلېۋىزورلاردا كۆرۈنىدىغان ئاجايىپ مەدەنىيەتلىك ئاپتوماتلىرى ئارقىلىق بىر- بىرى بىلەن رىقابەتلىشىۋاتقان، بىر- بىرى بىلەن سوقۇشۇۋاتقان سىۋىلىزاتسىيىلىك مېڭە ۋە قەلبتىن مەھرۇم «ياۋايى ماشىنا ئادەم»نىڭ دەل ئۆزىدىن ئىبارەت!

بۇ يەنە، ئىنسان بارغانسېرى «ھەقىقىي ئىنسانىي ماھىيەت»لىرىدىن ئايرىلىپ، يۇقىرى بىردىكمە مېتال مۇشت (ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى)، يۇقىرى مىقداردىكى ئالتۇن ئاقچا، يۇقىرى دەرىجىلىك ئالداش ياكى بوزەك قىلىش ئىقتىدارىدىكى ئىپتىخار سەمەرىلىرىنى ھېسابلايدىغان ماشىنا ۋە بۇ سەمەرىلەرنى ساقلايدىغان ساندۇق، قاپ، ئامبار بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ!

بۇ يەنە، ئىنساننىڭ بارغانسېرى «ئۆز» مەخپىيەتلىكلىرىدىن خەۋەرسىز، ئىنسانىي قىممەت ۋە ئىنسانىي بەخت - سائادەتتىن خەۋەرسىز قېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ ئاتالمىش «سائادەت»لېرىدە ھەقىقىي سائادەت، ئاتالمىش «مۇھەببەت»لىرىدە ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ قۇرۇقدىلىپ قېلىۋاتقانلىقىنى، يەنە كېلىپ ئىنسان بىر تەرەپتىن قورقۇنچلۇق جىنايى خاھىشقا شۇنچە ئىگە، بىر تەرەپتىن، ئۆزىنى بۇ جىنايى خاھىش ۋە ھالاكەتلىك ئەسەبىيلىكتىن

www.uyghurkitap.com

قوتقۇزىدىغان كونترول سىستېمىسىغا شۇنچىلىك ئېگە ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ!

مانا بۇ يىگىرمە بىرىنچى ئەسىرگە ھامىلدار بولغان بىزنىڭ ئەسىرىمىزنىڭ كېنكولوگىيىلىك ئوبرازى

4

ھازىرقى زامان مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىدە ساقلانغان قورقۇنچلۇق، پاجىئەلىك زىددىيەت، ھېچكىمنىڭ شەخسەن كۆز قارىشى بولماستىن، ھەقىقىي رېئال ۋە ھەقىقىي ماھىيەتلىك پاكىت! بۇ — مۇتەپەككۇرلار، ئەربابلار، قانۇنشۇناسلار، مەدىنىقلار، ئالىملار ۋە سەنئەتچىلەر ھەممىدىن ئىلگىرى ئىقرار بولۇشى لازىم بولغان ئاساسلىق چىنلىق. بۇنىڭدىن خەۋەردار بولماي تۇرۇپ دەۋر ئېڭى، زامان قارىشى، تارىخىي ئالدىن كۆرەرلىككە ئىگە ھازىرقى زامان ئاڭلىق ئادىمى بولۇش مۇمكىن ئەمەس.

مەدەنىيەت بىلەن سىۋىلىزاتسىيە ئوتتۇرىسىدىكى پاجىئەلىك زىددىيەت ھازىرقى جاھان مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىدىكى تۈپ زىددىيەتتىن ئىبارەت بولۇپ شەكىللەندى!!

ئۇنداقتا، مەدەنىيەت دېگەن نېمە، سىۋىلىزاتسىيە دېگەن نېمە؟

مەلۇمكى، مەدەنىيەت (كۇلتۇرا) — ئىنساننىڭ تەبىئەتكە قاراتقان بويسۇندۇرۇش ئىقتىدار سىستېمىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇ، ماددىنى مەقسەت قىلىدۇ، ھەممىنى ماددىي دۇنيانى بويسۇندۇرۇش ۋاسىتىلىرىغا، ماددىي دۇنياغا ئىقتىدار كۆرسىتىش ۋاسىتىلىرىغا قاراتقان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي دىققەت ئېتىبارى ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئۇرۇش، ئۇستۇنلۈك تالىشىش ۋە رىقابەتتىكى مۇتلەق زەپەر كەلتۈرگۈچى ماددىي ۋە مالىيەلىك قۇدرەتتىن ئىبارەت. ماددىي ۋە مالىيەۋى قۇدرەت مەدەنىيەت ئۈچۈن ئۆلۈمچەك تېخىمۇ باش تەگرى زېۋىستىن باشقا نەرسە ئەمەس.

سىۋىلىزاتسىيە — مۇئەييەن ماددىي مەدەنىيەت ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان ئىنساننىڭ ئۆزى بىلەن ئۆزىنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىنى، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىلىرىنى ئىنسانىي پرىنسىپلار بويىچە ئاقىلانە باشقۇرۇش ۋە تىزگىنلەش ئىقتىدار سىستېمىسىدىن ئىبارەت. ئۇ، ئىنساننى، «ئىنساننىڭ ھەقىقىي ماھىيەتلىرى»نى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۇنىڭچە، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ۋاسىتىلىرى ھېسابلانغان ماددىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، ئۇنىڭ ئىلىم ۋە تېخنىكىلىق سىستېمىلىرى، ئۇنىڭ قۇدرەت ۋە بايلىق زاپاسلىرى ئىنسانىيەت ۋە ئۇنىڭ ئاقىلانە ئالاقىلىرى بىلەن ئىجتىمائىي ئورتاق كامالىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم. شۇ چاغدىلا ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت سەمەرىلىرى ئەينىكىدە ئىنسانىيەت ماھىيەتلىرىنىڭ نۇرانە شولىسى جىلۋىلەنگەن بولىدۇ.

ھازىرقى خاۋاتىرلىنىش شۇ يەردىكى، ھازىرقى جاھان ئومۇمىي مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىدە سىۋىلىزاتسىيە بىلەن كۇلتۇرا، مەقسەت بىلەن ۋاسىتە، مېڭە ۋە يۈرەك بىلەن قول ۋە پۇت ئۆز كارمونىيىلىكىنى يوقىتىپ قالماستىن، بەلكى ئوچۇق ۋە كەسكىن زىددىيەتلىك ھالەتكە چۈشكەن. ئىنسانىيەت تەقدىرى خۇددى دارغا ھەيدىلىپ كېتىۋاتقان سوقرات ھەكىمدەك ۋاپاسىز ئاقىۋەت قىلمىشلىرىنىڭ ئالقىنىغا چۈشۈپ قالغان!

5

كېيىنكى ۋاقىتلاردا مەيدانغا كەلگەن ۋە يېڭىچە، غەربچە دەپ ئاتالغان ھەر خىل كىتاب - براشۇرلارغا نەزەر سالغىنىمىزدا ئاتالمىش شەخسنىڭ رىقابەتلىك دۇنيادا

«ئۆزىنى كۆچەيتىش» تەۋەررۇسىدىكى ئالىي ۋە ماھارەتلىرى تەرغىب قىلىنىغان. ئۇلاردا ئاللىقانداقتۇ سودا ئىشىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش، مۇناسىۋەتشۇناسلىقتا چەبدەس بولۇش، سۆزدە كۆڭۈلنى ئىززەتلىگىلى بىلىش، ھۆسن كۆزەللىكىدىن قىممەت پەيدا قىلىش، چىدام - تاقەت بىلەن ھېيلىگەر رەقىبىنى چەيلىۋېتىش قاتارلىقلار خۇددى ھالىت مەشىقى دەرسلىكلىرىدەك بايان قىلىنغان. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەر بىر كىشىنى قاپلىق قۇلۇلىغا، تاقابىلچان بىرونىۋىك ماشىنىغا (جۇاڭجيىاچى). نىقابلانغان كىشىگە ئايلانماستىن تۇرۇپ، بۇ رىقابەتچان جەمئىيەتتە ھالال ۋە ئوچۇق - يورۇق ياشىغىلى بولمايدۇ، دېگەن ئالەمشۇمۇل تەۋرىمۇشىنىڭ ئاچچىق تەجرىبىلىرىدىن ئۇچۇر يەتكۈزمەكتە. قوم خالتىلىرىنى مۇشتلاش، جانبازلىقنى سودا قىلىش، ئوركۇم بولۇپ ياشاش پىسخىكىسى باش كۆتۈرمەكتە. ئىنسانىنىڭ «ئىنسانغا خاس ھەقىقىي ماھىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش» دورىغا ئۆزىنى قاپلىۋېلىش، «ئۆزىنى كۆچەيتىش» زورۇرىيەتلىرىنىڭ ئېشىپ بېرىشى ئادەمنى چۆچۈتىدۇ. زېمىن ئايروپىلانىمىز خەتەرگە يولۇقۇۋاتامدۇ، نېمە، ھەممە ئادەم «قۇتقۇزۇش كېمىلىرى» بىلەن ئۆزىنى كۆچەيتىش كويىغا چۈشۈپ قالدى؟! تولىمۇ ئاز مۇئەللىپلەرنى ھېسابلىمىغاندا، خېلىلا بىر تۈركۈم ئاپتورلىرىمىز ئىنسانىيەتتىكى كۈلتۈرا ۋە سۈۋىلىزاتسىيە-ۋوقۇلۇشلىرى پەيدا قىلغان روھىي ھودۇقۇشلاردىن پايدىلىنىپ، ئۆز مەيلىچە بولمىغۇر ئەسەرلەر يېزىپ «ئۆزىنى كۆچەيتمەكتە»!

دەرىجىدىن تاشقىرى ئۆزىنى كۆچەيتكەن مىليونېر بايلارنىڭ قەلبى، خىيالى، مۇھاكىمىلىرى، ھېسسىيات ۋە مۇھەببەت - نەپرەتلىرى ئاللىقاچان تەگرى ياراتقان «ئادەم» ۋە «ھاۋا» ئەۋلادلىرىنىڭ «ئىنسانغا خاس ھەقىقىي ماھىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش» تىپىدىن چىقىپ، مەدەنىيەت (كۈلتۈرا) مۆجىزىلىرى ياراتقان، پۇل، شۆھرەت، ئىمتىياز ئۈستۈنلۈكىدىن بىر كېچىدىلا سەرگەردانلىق كوچىسىغا ئىرغىتىلىپ تاشلىنىش خەۋپىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۆز ئەندىشىلىرىدىكى رېئاللىقتا ئۆز رىقابەتچىسىنى دۇچار قىلىش كويىدا يۈرگەن «ئۆزىنى كۆچەيتكەن» زوراۋان ئادەم تىپىدىكى قەلب، خىيال، مۇھاكىمە، ھېسسىيات ۋە مۇھەببەت - نەپرەتكە ئايلىنىپ قالدى. ماگارىد خېنىتېر خېنىمدەك ۋەيران بولغان ئىنىسىگە ئاز - تولا ياردەم بېرىشنى رەت قىلغان نەچچە ئون مىليارد دوللارلىق بايلارنىڭ قەلبى، ھەتتا تېنى بىر تىيىن كېمەيسە ئۆز سىترېلكىسىنى تىترىتىدىغان ھېسابلاش ماشىنىسى بىلەن تاش ئۆپكە كېسىلىگە دۇچار بولۇپ قېتىشقا باشلىغان سېمونت قۇيمىدىنمۇ بەختسىز، تەنھا ۋە مەنىسىزلىشىپ كەتتى! كونا ئەپسانىلاردىكىدەك شۇنقەدىرى كېچىسى پۈتۈن ئۆي - بىساتى، باغ - ئورمانلىرىنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇۋېلىپ، ئۇنىڭغىمۇ قانماستىن ئاشىقىنى ۋە ئۆزىنىمۇ ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇۋالغان ئادەمدىن، نېمىگە مەنىدە بولىمۇ، سەرسانلىق دالاسىدا دۇم يېتىپ بۇلاق سۈيى ئىچىۋاتقان سەرگەردان بەختلىك ئەمەسمۇ؟!

ھازىرقى جاھان مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىدىكى كېلىشمەسلىك داۋام قىلىۋېرىدىغان بولسا، مىليونېرلارغا ئوخشاشلا نامراتلارمۇ بەختسىزلىك مۇپتىلاسىغا بەنت بولىدۇ. ئۇلارمۇ مىليونېرلار دىۋانە بولۇپ چۈشەپ قالغانلىرىغا ئەندىكىپ بارغانېرى جىنايەت بەدىلىگە ئۆزىنى كۆچەيتكىنىدەك، مىليونېرلارنىڭ ئەكسىچە ئۆزىنى بايلىق تەختىدە چۈشەپ، بايلىق مۇمكىنلىكلىرىگە كۆزى قىزىرىپ، يەنىلا ھېلىقى جىنايەت ھېسابىغا ئۆزىنى كۆچەيتىشكە ئۇرۇنىدۇ. مېنىڭ دەۋاتقانلىرىم چۈشەكەشنى مىسال قىلغان ۋە مىڭ - مىڭلىغان ساقچىلارنىڭ بېشىنى قېتىق قىلىۋاتقان چىنلىق! ناھايىتى ئورغۇن يازغۇچىلار پەقەت ئۇنىڭ ناھايىتى ئازغىنە بىر قىسمىنى «ھېكايىنىڭ باشلىنىشى» دىن «ھېكايىنىڭ ئاخىرلىشىشى» غىچە يېزىشتى. ئەمما، بۇ ھېكايە ئەمدىلا تېخى باشلىنىۋاتىدۇ!

مانا، ئەگەرى ياراتقان «ئادەم» بىلەن «ھاۋا» ئەۋلادلىرىنىڭ رېئاللىقى ئۇلارنىڭ سۆيۈشۈشى خۇددى ئىككى تىللانىڭ بىر - بىرىگە شولا تاشلاپ قوشۇلۇشلىرىدا، قايغۇ ياكى شادلىقلىرى تىللاۋالىيونتىنىڭ كىرىم - چىقىم دەپتىرىدىكى تەقدىرىگە ئوخشاپ قالغانلا كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىكى «جەننەت» بىلەن «جەھەننەم» ئەپسانىلىرى ساۋاب بىلەن گۇناھنىڭ بەدىلى ئەمەس، بەلكى دوللار ۋە ئۇنى تۇغدۇرغان ۋاسىتىلەرنىڭ قانداق قۇتۇپتىلىقىنى كۆرسەتكۈچى ئالامەت تۈسىنى ئالغان!

«ئىنسان قىممىتى»، «ئەركىنلىك سىمپونىيەسى» توغرىسىدا چۇقان كۆتۈرۈشۈۋاتقان مەملىكەتلەردە پىكاپىقىا چۈشۈۋېلىپ تۈگۈلۈۋاتقان ھايات چېچەكلىرىگە قاراپ قەلب بۇلغىنىشلىرىنىڭ قانداق دەرىجىگە يەتكەنلىكىدىن سەسكىنىمىز. مۇنىدىن تەخمىنەن يېرىم ئەسىر ئىلگىرى غار ۋە قىيا سۈرەتلىرى، ئىپتىدائىي مەدەنىيەت ھەققىدىكى بىر - بىرىگە زىت قاراشلاردىن جاق تويغان كوندراسموسىن ناملىق ئالىم شىمالىي قۇتۇپتىكى ئىگىلەر دېگەن جايدا ياشايدىغان ئەسكىموسلار ئارىسىغا بېرىپ، بىر ئىپتىدائىي ئۇۋچى بىلەن سۆزلەشكەنلىرىنى 1921 - يىلى «ئىسكىلىرلىق ئەسكىموسلار» ناملىق ئەسىرى ئارقىلىق ئېلان قىلغانىدى. ئۇنىڭدا ئىپتىدائىي ئۇۋچى: دۇنيادا بىرەر تىرىك جاننى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ گۆشىنى ئوزۇق قىلىشتىنمۇ ئەندىشىلىك ھادىسە يوق. ھايۋان گۆشىنى ئوزۇق قىلغان بىلەن ئۇنىڭ روھى (ئەرۋاھى) ئۆلمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا خەتەر يەتكۈزىدىغان يىرتقۇچ ھايۋاننى ئۆلتۈرۈپ، قۇربانلىق مۇراسىملىرىنى ئۆتكۈزۈپ، ئۇۋ قىلىنىدىغان ھايۋانلار روھىيتىنىڭ كەچۈرۈم قىلىشىغا، دوستانىلىقىغا ئېرىشىشكە توغرا كېلىدۇ. شامان - باخشىلار ئەلچىلىكىدە شۇنداق مۇراسىم بىجا كەلتۈرىمىز، دېگەن. مورگان «قەدىمكى جەمئىيەت» ناملىق كىتابىدا «ياۋايىلىق» كاتېگورىيىسى بىلەن تىلغا ئالغان بۇ «ۋارۋار» (نادان، جاھىل) ئىپتىدائىي ئادەم بىلەن ھازىرقى مەدەنىيەتلىك ئاتوم ئادىمىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلىچۇ! ئىنسان ئۆز - ئۆزىنى نەقەدەر يوقىتىپ قويغان، ھە! ئىنسان قۇلدارلار، زېمىندارلار، كاپىتال ئىگىلىرى قولىدا «ياتلاشقان»دىن تاشقىرى ئۆزى ياراتقان مەدەنىيەت ئىقتىدارى بىلەن بايلىق جۇغلانمىلىرىنىڭ بېسىمى ئاستىدىمۇ «ياتلىشىش» ئازابىنى بېشىدىن كۆچۈرەرمۇ؟

## 6

مەقسەت بىلەن ۋاسىتە تولىمۇ قەدىمكى تېما ئىدى. گاھىدا ئۇ خرىستىئان روھانىيلىرى تەرىپىدىن تەڭرىنىڭ ئالەم يارىتىش مەقسەتدارلىقى نەزەرىيىسى («تېلېئولوگىيە») تەرىزىدە بولۇۋاتقۇر ھېلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئىنساننىڭ ئۆزى بىلەن ئۇ ياراتقان مۇھىت، مەدەنىيەت ۋاسىتىلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىگە قارىتىلغانىدى. مەدرىسە پەلسەپىسى تەرەپدارلىرى ئىلاھىي مەقسەتدارلىقنى تەرغىب قىلىشىپ، مىڭ يىللارنى «چاشقان تۇتمىغان تاختا مۈشۈك»دەك ئۆتكۈزۈۋەتتى!

كۇڭزى ئەڭ دەسلەپتىلا ئىنسان ئىنسانلىق ئۈچۈن دېگەن تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ، چۇنچيۇ - جەنگو دەۋرىدىكى غەيرىي ئىنسانىي قىرغىنچىلىقلار، ئالدام ۋە ساتقىنلىقلاردىن سەسكەنگەنىدى. «ئۆزۈڭنى تىزگىنلە، ئەدەبنى جارى قىل، كامىل ئىنسان بول»، «پايدا كۆرگەندە ئىنسابنى ئويلا!» بۇ ئۇنىڭ ئىچاغىلاردىكى دەۋىتى ئىدى. ئەمما، قۇلدارلار بىلەن فېئوداللار كۇڭزىنى ئۆز دەۋرلىرى بوياقلىرى بىلەن بوياپ، ئۇنىڭ غەيرىي دىنىي ئىنسانپەرۋەر قاراشلىرىنى پۈچەكلەشتۈرۈۋەتتى. ساكيامونى ئۆز ئىدىيىسىدىكى تراگېدىك پىكىر ئامىللىرىنى بۇددىزم شەكلىدە سىستېمىلاشتۇرۇپ، ئىنسان ئازابلىرىنىڭ

مەنبەسى ئىنساننىڭ ئاساسىي سەزگۈلىرى بىلەن ئاساسىي ھاجەتلىرى دېگەن قاراشقا كەلدى. رەڭ، ئاۋاز، تەم، خۇش پۇراق، تېرە سېزىمى ئىنسان ئازابىنىڭ بەش مەنبەسى سۈپىتىدە تەقىپ قىلىندى. ئۈمىد ئۆلگەندىن كېيىنكى «نىرۋانا» راھەت دەرگاھىغا قارىتىلدى! ئىسلام سوپىزمى مەجنۇنلارچە بولسىمۇ، ئىنساننى تەڭرى بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئىنساننىڭ ئىلاھىي مەقسەتدارلىق دەرىجىسىدىن بەھرىمەن بولۇشى توغرىسىدا قىزغىن پىداكارلىق نەمۇنىلىرىنى كۆرسەتتى. ئۇلارمۇ مەنسۇر ھەللاج بىلەن بابارەھىم مەشرەپتەك دار ياغىچى ئۈستىدىلا تەڭرى بىلەن قوشۇلالىدى! فارابىنىڭ گرېك پەلسەپىسى تەسىرىدە بىلىم ۋە بەخت قاراشلىرىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئادالەتلىك قانۇن ۋە ئۆزىنى تىزگىنلەش («قانائەت») بىلەن تولۇقلاپ، مەدەنىيەت بىلەن سىۋىلىزاتسىيە چۈشەنچىلىرىنىڭ بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرا ئەسىر سەۋىيىسىدە بولسىمۇ فورمۇلاشتۇردى. ئىسلام مۇتەللىزىچى-لىرى، ياۋروپا راتسىئونالىستلىرى ئىنساننى ھەممىنىڭ مەركىزى، ئىنسان ئەقلىنى ھەممىنىڭ ئۆلچىمى دېيىشتى. فېيېرباخ ئانتروپولوگىزمى مۇنداق راتسىئونالىزملىق چۈشەنچىلەرنى خىرىستىئان ئىلاھىيەتچىلىرىگە قارشى تەبىئەت پەلسەپىسى كالتىكىگە ئايلاندۇرۇپ، ھازىرقى كۈندە بىزنىڭ ئىجادىيەت ئىستىكىمىزگە جاۋاب بېرەلمەي گۈڭشۈيۈپ تۇرىدىغان ئارخىبقا ئايلاندۇرۇپ قويدى! ئېھتىمالىم بۇ يالقۇنلۇق پەيلاسوپ ھېلىمۇ ھايات بولغىنىدا، ئۇ تەشەببۇس قىلغان ئوچۇق - ئاشكارا ۋە قىپيالىڭاچ «مۇھەببەت»نىڭ قانداق تارىخىي كاتېگورىيە بولۇپ قالغانلىقىدىن چىرقىرىۋەتكەن بولاتتى!

ئۇنىڭدىن ئانچە ئۆتمەي بىر ياش يەھۇدى يىگىتى كارل ماركس «1844 - يىلقى ئىقتىسادشۇناسلىق - پەلسەپە خاتىرىلىرى» ناملىق ئۆگىنىش دەپتىرىدە «ئىنساننىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى» ۋە «ياتلاشقان ئىنسان»دىن ئىبارەت ئىككى مۇھىم كاتېگورىيىنى تىلغا ئالدى. ئارقىدىنلا ئۇ ئەينى زامان ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىدىكى پاجىئەلىك زىددىيەت - ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىقى بىلەن ئىگىدارچىلىقنىڭ كاپىتالىستىك خۇسۇسىلىقى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى تۇتقا قىلىپ، ئىلمىي سوتسىيالىزم پرىنسىپلىرىنى ئىجاد قىلدى. بۇ تەلىمات ئىنسانىيەت بىلىش تارىخى ۋە ئازادلىق كۆرەشلىرى تارىخىدا يېڭى ئىنقىلابىي ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. ئىنساننىڭ ئۆز - ئۆزىنى بىلىش ۋە ياتلاشقان ئىنساننى ئىنساننىڭ ھەقىقىي ماھىيەتلىرىگە ئىگە قىلىش يولىدىكى ئىزدىنىش تارىخى يېڭى نەزەرىيىۋى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. شۇندىن بېرى ئۆتكەن بىر يېرىم ئەسىرلىك ۋاقىت ئىچىدە، بولۇپمۇ يېقىنقى يەتمىش نەچچە يىل ئىچىدە گەرچە بىزنىڭ بىلىش ۋە ئەمەلىيىتىمىز ئېغىر سەۋەنلىكلەر بىلەن بوغۇپ قويۇلغان بولسىمۇ، ئىلمىي سوتسىيالىزم ئۆزىنىڭ يېڭىلىقى، ئەۋزەللىكى ۋە ھاياتىي كۈچىنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىپادىلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ تىنچ رىقابەت ۋە ئۇرۇش دەھشەتلىرى ئىچىدە داۋاملىق ساقلىنىپ ۋە راۋاجلىنىپ بارالىغانلىقىدىن ئىبارەت بولدى.

## 7

بىز ئادەتتە سوتسىيالىزم چۈشەنچىسىنى سوتسىيالىستىك مەملىكەتلەر ئىبارىسى بىلەن، كاپىتالىزم چۈشەنچىسىنى كاپىتالىستىك مەملىكەتلەر ئىبارىسى بىلەن تەڭداش كاتېگورىيە دەپ قاراپ مەنتىقى ئېنىقسىزلىقلار ۋە بىلىش خاتالىقلىرىغا يول ئېچىپ قويىمىز. نەتىجىدە، كاپىتالىستىك مەملىكەتلەردىكى پەن- تېخنىكا يېڭىلىقلىرى ئاللىقانداقتۇ كاپىتالىزمنىڭ خاس ئالامىتى ۋە ئۇنىڭ سوتسىيالىزمغا نىسبەتەن ئەۋزەللىكى بولۇپ قالدى. يېقىنقى يېرىم ئەسىر ئىچىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغان بەزى ماركسىزمچىلارمۇ كارل ماركسنىڭ

www.uyghurkitap.com

سوتسىيالىزمنىڭ كاپىتالىزم تۈزۈمىنى مۇقەررەر ئىنكار قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى تارىخىي يەكۈنى ھەرگىزمۇ پەن ـ تېخنىكا ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئەمەس، بەلكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىغا ئىگىدارچىلىق مەركەز قىلىنغان كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرگە قارىتىلغانلىقىنى ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويۇشقان. ھەقىقىي تارىخىي ماتېرىيالىزمچىلار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئومۇم ئىنسانىيەت خاراكتېرلىك، ئىزچىل بىلىش خاراكتېرلىك، پائالىيەتچان خاراكتېرلىك مەدەنىيەت ئىقتىدارى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ يۇقىرى دەرىجىسى ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى، ھەتتا باشلانغۇچ دەرىجىلىرى ئاساسىدا راۋاجلىنىپ، كامالەت قاتلىمى ھاسىل قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىدۇ. كاپىتالىستىك مەملىكەتلەردە يېڭى نەتىجىلەرنى كۆرسەتكەن بۇ مەدەنىيەت گەرچە كاپىتالىزمغا خاس ئىگىدارچىلىق تۈپەيلى، جۈملىدىن كاپىتالىستىك مەنپەئەتدارلىق تۈپەيلى، سىۋىلىزاتسىيىگە زىت جىنايى ۋاسىتىلىق رولىنى ئۆتىسىمۇ، ئۇ يەنىلا مۇئەييەن ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر فورماتسىيىسى سۈپىتىدە تارىختا ياشاپ، تارىختا ھالاك بولىدىغان كاپىتالىزمغا خاس نەرسە ئەمەس. ئۇ بەربىر يېڭى ئويغانغان ئالىي ۋە سىۋىلىزاتسىيە كۈچلىرى بىلەن بىللە ئۆزىنى ئىسكەنجىلىۋالغان قارا ئىبلىسنى لەھەتكە ئىتتىرىدۇ.

ئېغىر سەۋەنلىكلىرىمىزنىڭ بىرى مانا شۇ: بىز ئۆلىدىغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت كاتېگورىيىسى بىلەن ئۆلمەس ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە پەن ـ تېخنىكىنى پەرقلەندۈرمەي بىر قاتار مېتافىزىك، قاتماللىق، چەتكە قېقىش، بىكىنمىچىلىك خۇي ـ پەيلىنى خېلى ئۇزاق ئىشقا سېلىپ، سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكتىكى مۇمكىنلىكلىرىنى چۈشەپ قويدۇق. بىر دەۋر كىشىلىرىدە سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزم ئۆز ماھىيەتلىرىنىڭ ئەكسىدىكى ئوبراز بىلەن ئىندىيە چۆكمىسى ھاسىل قىلىپ قالدى، بۇنىڭدىن سوتسىيالىزم دۈشمەنلىرى ئىككى تۈرلۈك قورال سۈپىتىدە پايدىلىنىشنى ئۇنتۇمىدى! ئۇنىڭ بىرى، ئۇلار بىزنىڭ قاتمال قاراشلىرىمىز ۋە ئىشىك تاقىۋالغانلىقىمىز ئېغىرلاشقان يىللاردا پەن ـ تېخنىكا ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ساھەسىدە يېڭى بۆسۈشلەرگە يول قويدى. ئۆزىنىڭ ستراتېگىيىلىك مەدەنىيەت بازىسىنى كۈچەيتىۋالدى. ئۇنىڭ ئىككىنچىسى، ئۇلار بىزدىكى نەزەرىيىۋى قالايمىقانچىلىق ۋە پەن ـ تېخنىكىدىكى يېڭى ئەھۋالدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ «كاپىتالىزمنىڭ ئەۋزەللىكى» پىكىر ئېقىمىنى پەيدا قىلدى!

بىز يەنە ئىككىنچى خاتالىق ئۆتكۈزدۇق! سوتسىيالىزم ـ كوممۇنىزمنىڭ ئىنسان ۋە ئۇنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى مەقسەت قىلىدىغان قۇدرەتلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە پەن ـ تېخنىكىنى ۋاسىتە قىلغان يېڭىچە سىۋىلىزاتسىيە تىپى ئىكەنلىكىنى، ئۇ، ئىنسانىنى «ياتلىشىش»تىن قۇتقۇلۇپ، ھەقىقىي ماھىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان ئىجتىمائىي تۈزۈم ئىكەنلىكىنى ئۇزۇنغىچە توغرا بىلىۋالالمىدۇق. ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي بەخت ـ سائادىتى مەقسەت قىلىنىش ئورنىغا، مۇنداق توغرا قاراش تەقىپ قىلىنىدىغان، ھاكىمىيەت ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۇنۇمدارلىقى ۋاسىتىلىرى ئەڭ يۇقىرى مەقسەت ئورنىغا كۆتۈرۈلىدىغان، ئىنسانىنى ئۆتمۈشتە شەكىللەنگەن «ياتلىشىش»تىن قۇتقۇلدۇرۇپ، كوممۇنىستىك ئىنسانپەرۋەرلىكنى جارى قىلىش توغرىسىدىكى يۈكسەك قاراشلار بۇرژۇئازىيە قاراشلىرى دېگەن ناتوغرا نام ئاستىدا تەنقىدلىنىدىغان سەۋەنلىكلەر ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يۈز بەرگەن سوتسىيالىزم ماھىيەتلىرىگە پۈتۈنلەي زىت بولغان كىشىنى چۆچۈتىدىغان سولچىل پاجىئەلەر يۈز بەردى. بۇ خىل، سوتسىيالىزم بىلەن سىۋىلىزاتسىيىنى بىر ـ بىرىگە قارشى قويۇپ، سوتسىيالىزمنى ئىنسانىنىڭ رېئال دۇنيادىكى «ياتلاشقان»

قىسمەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ ئۇنىڭ «ھەقىقىي ماھىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان» تارىخىي جەريان دەپ قارىمايدىغان خاتا قاراش ۋە پائالىيەتتىن ئىككى ئاچچىق نەتىجە كېلىپ چىقتى. ئۇنىڭ بىرى، بىز ماركسىزمدىن ئىبارەت بۇ پەننى سولچىل قاراشلار ئاسارىتىگە بەنت قىلىپ قويدۇق، ئۇنى «غەيرىي ئىنسانىي» تەلىمات قىلىشقا ئۆزگەرتتۇق. ئۇنىڭ ئىككىنچىسى، سوتسىيالىزم دۈشمەنلىرى ئاللىقانداقتۇ «ئەركىنلىك»، «باراۋەرلىك»، «ئىنسانپەرۋەرلىك» تۇغىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئۆزىنى ھەم مەدەنىيەت، ھەم سىۋىلىزاتسىيە ھامىيلىرى قىلىپ دەبدەبە قىلىشتى. بۇ تۈپكى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىنىۋېتىلگەن قاراش ھەل قىلىنمايدىكەن، ھازىرقى زاماندىكى ئىدېئولوگىيە مەركەز قىلىنغان «جاھان ئۇرۇشى»دا ھەق-ناھەق مەنزىرىسى قالايمىقانلىشىپ، كىشىلەر قەلبى تۈيۈق يولغا كىرىپ كېتىدۇ.

بىز يەنە ئۈچىنچى خاتالىقنىمۇ سادىر قىلدۇق. سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنىڭ سىياسىي ئويغىتىش ۋە سىياسىي ۋاسىتىلەر بىلەن بىر ياكى بىر قاتار مەملىكەتلەردە، ھەتتا ئاھالىنىڭ ئاساسىي نوپۇسىنى ئۇششاق دېھقانلار تەشكىل قىلىدىغان مەملىكەتلەردە غەلىبە قىلىش توغرىسىدىكى مۇمكىنلىك بىلەن بىر ياكى بىر قاتار مەملىكەتلەردە سىياسىي ياكى ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى رولىغا يۆلىنىپلا كوممۇنىستىك جەمئىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىنلىكىنى بىر سىزىقتا تەسەۋۋۇر قىلدۇق. بىز، ئىنسانىيەت غايەت راۋاجلانغان، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىدىن ئايرىلمىغان ۋە ئۇنى ماددىي ئۇل قىلغان ھالدا، ئۇنىڭ ئۆزى بىلەنلا ئەمەس، يەنە ئىنسانىيەتنى بارلىق «ياتلاشتۇرغان» كىشەنلەردىن تولۇق ئازاد قىلىپ، ئۇنىڭ ئۇرانە، ھەقىقىي ماھىيەتلىرىنى ئۇنىڭ ماددىي مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرى ئەينىكىدە جىلۋىلەندۈرىدىغان يېڭىچە سىۋىلىزاتسىيىلىك ئىجتىمائىي كارمونىيە مەيدانغا كەلگەندىلا ئاندىن كوممۇنىزم ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى ئاڭقىرالمىدۇق. تەبىئىيكى، بۇ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى بىر گەۋدە قىلغان ئۇلۇغۋار، مۈشكۈل ۋە مۇقەررەر تارىخىي بىناكارلىق ئىدى! ھېلىمۇ بۇ نۇقتىنى ئاڭقىرالماي، يۇقىرىدا ئېيتىلغانلارغا غەلىتە ھېسسىيات بىلەن قارايدىغان ئاقدىل، ساددا پىكىرلىك دوستلىرىمىز خېلى بار. كوممۇنىزم شۇنداق يۇقىرى مەدەنىيەت ۋە سىۋىلىزاتسىيە گارمونىيىلەشكەن مەلەككى، «ھەر كىم قابىلىيىتىگە يارىشا، ھەر كىم ئېھتىياجىغا قاراپ» دېگەن تەقسىمات پىرىنسىپى ئۇنىڭ بىر ئىپادىلىنىش شەكلىدىنلا، باشقىچە ئېيتقاندا، مەدەنىيەت ئوبيېكتلىرىنىڭ سىۋىلىزاتسىيە سۇبيېكتلىرىغا خىزمەت قىلىشتىكى شەكلىدىنلا ئىبارەت.

## 8

يىگىرمىنچى ئەسىر كېيىنكى چارىكىگە كىرگەندىن باشلاپ، پلانېتىمىزنىڭ مەيلى شەرقىي قىسمىدا ياكى غەربىي قىسمىدا بولسۇن، يېڭى مەنىۋى ئىزدىنىش، يېڭى سىۋىلىزاتسىيىلىك ئاڭ، يېڭى بىر گەۋدىلىك سۇبيېكت ئويغىنىش، يېڭى مۇجەسسەم تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى مەيدانغا چىقىشقا باشلىدى. ئىنسانىيەتنىڭ ئالدىن كۆرەر مۇتەپەككۇر كىشىلىرى يۇقىرى قاتلاملىق پىكىر ئۆركىشى شەكىللەندۈرۈشكە كىرىشتى. ئومۇمىيۈزلۈك، ئىلمىيلەش خاراكتېرلىك، ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ئەمەلىي ئىجتىمائىي بەخت - سائادىتى مەقسەت مەركىزى قىلىنغان يېڭىچە مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى توغرىسىدىكى يالقۇنلۇق سادالار ياڭراشقا تۇردى. بۇ، ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىنى قايتا ھايقۇۋېلىش يولىدىكى تارىخىي جاسارىتىنى نامايەندە قىلدى. بۇ، پلانېتىمىز رەھىمسىز ئاتوم مۇشتۇمى، مۇھىت بۇلغىنىشى، ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈك، رىقابەت نەيرەڭلىرى بىلەن قاتماللىق، بىكىنمىچىلىك ۋە نادانلىق پەيدا قىلغان مۇرەككەپ تەرسالىقلارنىڭ جەمغىرلىنىشى ئىچىدە خۇددى ھايات مۇمكىنلىكلىرىدىن مەھرۇم بولغان تاشلاندۇق ئەخلەت دۆۋىسىگە ئايلىنىپ قېلىش ئېھتىماللىقى ئالدىدىكى ئاجايىپ نىجادىيەت نۇرى سۈپىتىدە جىلۋىلىنىپ قالدى. ھالاكەتكە مەھكۇم چېرىگەن كۈچلەر قانچىلىك دەبدەبىلىك قىلىشمىسۇن، بۇ سادا ھازىرقى

www.uyghurkitap.com

جاھان مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىچىدىكى پاجىئەلىك زىددىيەت رېئاللىقى سەھنىسىدە بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلىدى.

شەرق سوتسىيالىزمى دۇنياسىدا قانداق ئەگرى ـ توقايلىقلار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر سوتسىيالىزم بىلەن ئىنسانىيەت بىر گەۋدە قىلىنغان قايتا تونۇش، پائال ئىسلاھات ۋە مەدەنىيەت بىلەن سوتسىيالىزاتسىيىنى قايتا بىللە قوروش بىناكارلىقى باشلىنىپ كەتتى. بۇ، سوتسىيالىزم بىلەن پەن ـ تېخنىكا ۋە يۇقىرى ئىشلەپچىقىرىش ئۇنۇمدارلىقىنى بىر ـ بىرىدىن جۇدا قىلىغان ئۆتمۈشكە خاتىمە بېرىپلا قالماستىن، يەنە ھازىرقى زامان ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى بىلەن سوتسىيالىستىك ئىنسانپەرۋەرلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سوتسىيالىزاتسىيىنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋەتكەن ئۆتمۈشكىمۇ خاتىمە بېرىدۇ.

غەرب كاپىتالىزم دۇنياسىدا، خۇددى، بۇ قېتىم مەن بىلەن كۆزگە خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقان ئامېرىكا ئالىمى ئوبېلان تىلغا ئالغاندەك: جىنايەتكە يۈزلەنگەن ئاتوم كېڭەيتىشنى سوتسىيالىزاتسىيە بىلەن قوتۇلدۇرۇش، ئۇنىڭ ئىپتىداسى سوۋېت ـ شەرق ئەللىرىدىكى، بولۇپمۇ جۇڭگودىكى «ئۆزگىنى تىزگىنلە، ئەدەبىنى جارى قىل»، «پايدا كۆرگەندە ئىنسابىنى ئويلا» قاتارلىق «ئەنئەنىۋى سوتسىيالىزاتسىيە»لىك قاراشلارنى ھازىرقى زامان دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ غەرب دۇنياسىدا تەشۋىق قىلىش سىياقىدىكى تەشەببۇسلار كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. سوتسىيالىزاتسىيىسىز مەدەنىيەت جىنايەتكە خىزمەت قىلىدىغان مەدەنىيەت، مەدەنىيەتسىز سوتسىيالىزاتسىيە خىيالىي سوتسىيالىزاتسىيە، دېگەن قاراش ھازىرقى زامان ئېڭىنىڭ يېڭى قاتلىمىنى تەشكىل قىلىشقا باشلىدى. بۇنداق يېڭى يۈكسەكلىكتىكى ھازىرقى زامان ئېڭى ئالدىدا تاۋار ۋە رىقابەت، شەخسنىڭ قىممىتى ۋە ئۆزىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئاق كۆرۈنۈشلىرى ئۆزىنىڭ توۋەن قاتلامدا تۇرىدىغانلىقىنى، مەلۇم مەنىدە، كاپىتالىستىك ئاق ھازىرقى زامان مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىدىكى زىددىيەتلەرنى كەسكىنلەشتۈرىدىغان ئاق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. ئاجايىپ مۆرەككەپ مىقدار فوندىلىرىنى يېشەلەيدىغان، ئەمما ھازىرقى جاھان مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىدىكى زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش تەگلىمىسىدىن خەۋەرسىز ماتېماتىك بىلەن كۆپ رەقەملىك ئىختىرا مۇكاپاتى بەدىلىگە زېمىن پلانېتىسىنىڭ بىئولوگىيىلىك ئىقتىدارىنى بۇلغاۋاتقان خىمىك ۋە فىزىك، شۇنىڭدەك مۇشۇ باش قېتىمچىلىقىدىن خەۋەرسىز ھالدا سېرىق جىنسىي لەززەت تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى يېزىۋاتقان يازغۇچى توغرىسىدا، جۇملىدىن تارىخ مەنتىقىسىنى ئۇنتۇغان ئاتالمىش «ئومۇميۈزلۈك غەربلىشىش» تەرەپدارلىرى توغرىسىدا نېمىلەرنى دېيىش كېرەككى، تاڭ!

**9**

ماقالەمنى مۇنداق ھېكايە بىلەن ئاخىرلاشتۇرماقچىمەن.

كاكارىن ھەيدىگەن ئالەم كېمىسى ئاخىرقى قېتىم ھازىرقى زامان ئادىمىگە خاس شۇنداق مەغرۇرلۇق بىلەن يېشىل زېمىنغا قايتىپ كېتىۋاتقاندا، زېمىنغا قونۇش ئالدىدا ئالەم كېمىسىدىكى مۇھىم كاشىلىنى كېچىكىپ بايقاپ قالدى. ئۇ خۇددى يىغىپ كاشىلىنى تۈزەپ ئۈلگۈرۈش پۇرسىتىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم ئىدى. شۇنداق قىلىپ پلانېتىمىزنىڭ بۇ كىچىك «سەييارە»سى ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ئەزىمەت يىگىتنى قوشۇپ بىردىنلا ھالاك بولدى.

نوھ پەيغەمبەرمۇ ياغاچ كېمە بىلەن توپان بالاسىدا جاھان كېزىشكە مەجبۇر بولغانىدى. بىراق ئۇ ئۆزىنىڭ سۇ يۈزىدىكى «ئالەم كېمىسى»گە ئىپتىدائىي ئادەمگە خاس ئېھتىياتچان تەسەۋۋۇر بىلەن ئىنسان ۋە ھايۋان تۈرلىرىدىن بىرجۈپتىن سېلىۋېلىشنى ئۇنتۇمىغان ۋە شۇ

قېتىمقى ئالەمشۇمۇل بىئولوگىيىلىك ھالاكەتتىن كېيىنكى يېڭى ھايات چېچەكلىرىنىڭ «ئادەم»دىن كېيىنكى ئىككىنچى ئاتىسى بولۇپ قالغان.

ئىنسانىيەت ئۆز- ئۆزىنى ئۇنتۇپ ئالتۇن، ھوقۇق ۋە چاكىنا شۆھرەتنىڭ سۆزلەيدىغان قورالىغا ئايلىنىشى، ئاقىۋەتتە ئانا پلانېتىمىزنى ئالەم مۇز دەرياسىغا غەرق قىلىش يولىدا يېڭىدىن- يېڭى ئەسەبىيلىكلەر كۆتۈرۈشى لازىممۇ ياكى زىددىيەت ۋە بۇزۇلۇشقا تولۇۋاتقان بۇ «ئالەم كېمە»مىزنى ئىنساننىڭ ھەقىقىي ئىنسانىي بەخت- سائادىتى ئۆز روخسارىنى نامايەندە قىلغان ۋە ئىنسانىيەت ياراتقان بارلىق ئىقتىدار ۋە ئىقتىدارلىرىنى ئىنسانىيەتكە مۇتلەق خىزمەت قىلدۇرغان دۇرانە كەلگۈسىگە يېتەكلىشىمىز لازىممۇ؟ بۇ ھازىرقى زامان ئادىمىنىڭ ئېلېمېنتار تەپەككۇر تېمىسى!

ئىنسانىيەت ئىلگىرىلەيدۇ، پەقەت ھەم ماددىي مەدەنىيەتنىڭ شاھزادىسى، ھەم سىۋىلىزاتسىيە «مەنىۋى مەدەنىيەت»نىڭ مەلىكىسىنى بىر- بىرىگە پائال بىرلەشتۈرەلىگەن سوتسىيالىزملا، پەقەت ھازىرقى زامان كاپىتالىزمى دەبدەبە قىلىۋاتقان، ئەمما تۈپ ماھىيىتى بىلەن ئۇنىڭ چىرىگەن ماھىيىتىگە زىت بولغان ئىلىم - پەن ھەم ھەقىقىي ئىنسانپەرۋەرلىكنى بىر- بىرىگە قوشالىغان سوتسىيالىزملا ئىنسانىيەتنىڭ ئۈمىدى ۋە ئىستىقبالىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

ئىنسانىيەت جەڭ قىلىدۇ! بۇنىڭ ئەمدىكى ئاساسىي جەڭگاھى ئىدىيولوگىيىدە، كۆرۈنمەس فرونتتا!

1989 ـ يىل 19 ـ دېكابىر، ئۈرۈمچى

(بېشى 30 ـ بەتتە)

3

گۆرىستانلىقنىڭ بىر چېتىدە ئۈستى ھاك بىلەن ئاپئاق ئاقارتىلغان يېڭى قەبرە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، چۆرىسىگە چىرايلىق نەقىش ئويۇلغانىدى. بۇ قەبرىنى كۆرسىلا تەنلىرى شۈركۈنۈپ كېتىدىغان ئىمام بىر كۈنى بامدات نامىزىدىن يېنىپ، جامائەتكە دېدى:

ــ تىۋۋا ... ناجايىپ ئىش بوپتۇ ... سامساقخۇننىڭ جەسىتىنى يەر قوينىغا ئالمىغانمىش، ئۈستىگە ئېتىپ چىقىرىۋەتكەنمىش ...

ــ بېرىپ كۆمۈپ قويايلى ئەمىسە، ــ دېدى بىرەيلەن جامائەتكە قاراپ.

ــ ئەمدىچۇ؟ ــ دېدى ئىمام، ــ مەن ئاڭلاپلا ئادەم ئەۋەتكەن، ئۇ بېرىپ قارىسا، جەسەتنى ئاللىبۇرۇن ئىت يەپ كەتكەنمىش، ھېچنېمىسى قالمىغانمىش ...

قوشنىلار بۇ خەۋەرنى سەيدىخانغا يەتكۈزدى. مۇسىبەت دەردىدە مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىپ، ھالسىزلىقتىن مۈكچىيىپ قالغان موماي داد ــ پەرياد كۆتۈرۈپ گۆرىستانلىققا يۈگۈردى. قەبرە ئۆز جايىدا، كىملەردۇر كۆچۈرۈپ قويغان يۇمران گۈل بەرگىلىرى ئارىسىدا بۇرۇنقى پېتىچە چىرايلىق قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. موماي قەبرىگە ئېسىلىپ ئىچ - ئىچىدىن ئېزىلىپ يىغلىدى:

ــ ئەزىز رەھمەتلىك ... نېمىمۇ قىلغان بولغىيدۇق شۇ ئادەملەرگە؟ ھاياتلىقىدىمۇ بىر ئۆمۈر قارغاپ ھارمىدى، يەنە قانچىلىك قارغار؟

شۇ چاغدا تۇساتتىن تونۇش بىر ئاۋاز ئاڭلاندى:

ــ دوزاختا كۆيۈپ كۈل بولغىدى.

موماي چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى، ئالدىدا مەكتەپ مۇدىرى تۇراتتى.

1990ـ يىل فېۋرال، ئۈرۈمچى



# دوزاخقا ھۆكۈم قىلىنغان ئادەم



(ھېكايە)

توختى ئايۇپ

## 1

ئاق كۆڭلەكلىك، ئاق دوپپىلىق، ئاپئاق ساقال بوۋاي، بېلى مۈكچەيگەن، ئومۇرتقىسى چوقچىيىپ چىقىپ قالغان، ئۆيگە كىرىدۇ، تالاغا چىقىدۇ، ھاسىسى تىنىمسىز توكۇلدايدۇ، ئەمدىلا ئايىغى چىققان بالىدەك تەمتەسلەپ، ئالدىغا مۈدۈرۈلۈپ، ئىككى يانغا چايقىلىپ، ئۆينىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپلا يۈرىدۇ. ئۇ نەگىدۇر بارماقچىدەك، ئەمما يولدىن ئادىشىپ قالغاندەك، نىمىنىدۇر ئىزدەۋاتقاندەك، ئەمما تاپالمايۋاتقاندەك ...

بىر ئايدىن ئاشتى، ئۇ مۇشۇنداق ناخۇش، كەيپىسىز، بۇرۇنقى خۇش چاقچاقلىقى، ئەلتەك، سىپايىلىقى ئەمدى قاياقتىدۇر يوقالغان، دۈرۈكلەپ چىقىدىغان يوغان ئاۋازى خىرىلداپ قالغان ...

ئۇ كۆپىنچە ئۈن - تىنسىز مۇشۇنداق پايپاسلاپ مېڭىپ يۈرىدۇ، ھېچكىمگە قاپىقىنى ئېچىپ قارىمايدۇ، گاھىدا مومايغا يوقىلاڭ ئىشلار ئۈچۈن كايىپ - توۋلاشتىن ئېشىپ، تىللاپ - قارغىمىغان ئېغىلدىكى قوي - كالا،

ئۆيدىكى مۈشۈك، باغدىكى ئىت؛ قولىدا چىققانىنى ئېتىپ، سۈرۈپ - توقاي قىلمىغان كاتەكتىكى توخۇ، ئۆگزىدىكى كەپتەر قالمايدۇ ...

ئۇنىڭغا بىر ئاي ئىچىدىلا باشقىچە قېرىلىق يېتىپ، چىرايى خارابە ئۆيىنىڭ كونا چالمىسىغا ئوخشاپ قالغانىدى. چانىقىغا ئولتۇرۇشقان نۇرسىز، كۆكۈش كۆزلىرىدە، پەقەت سەكراتتا چۈشۈپ قالغان ئادەمنىڭ كۆزلىرىدىلا كۆرۈش مۇمكىن بولىدىغان ئازاب ۋەھشىتى ۋە ئەسەبىي سەۋدايىلىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

مومايىنى ۋەھىمە باستى، كېلىندىن تاماق ئۆتمەيدىغان بولۇپ قالدى. بوۋاي ھەر قېتىم ھاسىسىنى پۇلاڭلىتىپ، چىچىلىپ - ۋارقىرىغان چاغدا، ئۇ قورقىنىدىن دىر - دىر تىترەپ، ياۋاشلىق بىلەن يەرگە قاراپ تۇراتتى، بىر ئېغىز ئۈندىمەيتتى.

«بوپتۇ، ياشىنىپ قالدى ئەمەسمۇ، ئادەم قېرىغاندا كىچىك بالىغا ئوخشاپ قالىدۇ، دەيدۇ. ئېغىرىنى مەن كۆتۈرمىسەم كىم كۆتۈرىدۇ ...»

... بوۋاي كەتمەنىنى كۆتۈرۈپ باغقا كىردى. كۆچەتلەرنىڭ تۈۋى قېتىپ كېتىپتۇ، ئۇنى چاناپ يۇمشىتىش، كۆكتاتلىقنى ئوتاش، ئېغىلدىكى دۈۋىلىشىپ كەتكەن قىغلارنى ئېلىپ چىقىپ، ئېتىزغا چېچىش كېرەك ئىدى. ئىشلار دۈۋىلىشىپ كەتكەن، بۇنى ئۆزى قىلمىسا بولمايتتى. مانا ... قېرىلىق نەسلىنىڭ دېگەن شۇ - دە، بىر كەتمەن چاپا - چاپمايلا، دېمى سىقىلىپ، يۆتەل تۇتۇشقا باشلىدى. ھەي دەرىخ ...! مۇشۇ يۆتەل ... ئۇ قوزغالمىسا ياخشى، بىرلا قوزغىلىپ قالدىمۇ، خۇددى جانىنى بىللە ئېلىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك، ئۆپكىسىنى ئامبۇردەك مۇجۇيدۇ. ئۇچەي - باغرى چۇۋۇلغاندەك بولۇپ كېتىدۇ، نامەلۇم بىر قول بىر تۇپ ئازغان ئىكەنىنى كارنىيىدىن سۆرەپ چىقىۋاتقاندەك ئازابلىنىدۇ ...

بوۋاي قېقىلىپ يۆتەلگەنسېرى ھالى ئوساللىشىپ كەتمەن دەستىسىگە يۆلەنگىنىچە ئىككى مۈك بولۇپ ئولتۇرۇپ قالدى، كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ جېلەدىن كېيىنلا ھاسىسىغا تايىنىپ خۇددى بىر تاغار بۇغدايىنى كۆتۈرگەندەك، تىرمىشىپ - تىرەجەپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ، ھاسىنى ئەمەس، ھاسا ئۇنى باشقۇرۇۋاتاتتى. ئۇ ھاسىراپ - ھۆمىدەپ، ئۇنى كالىچىنى سۆرىگىنىچە ھويلىدىكى شاتۇت تۈۋىگە ئىكىلەپ قويۇلغان ئۇجمە كۆتىكىگە كېلىپ، مۈكچىيىپ ئولتۇردى.

ئىشىك يېنىدىكى ئوچاقتا قاقشالنىڭ ئاخىرقى پارچىسى كۆيۈۋاتاتتى. بوۋاي ئۆسكىلەڭ، ئەمما شالاڭ، ئاپئاق قاشلىرى ئاستىدىن ئوچاققا سوغۇق، ئايانچلىق نەزەردە چەكچىيىپ قارىدى. ئوچاقنىڭ ئاغزىنى قاپقارا قورۇم باسقانىدى. ئۇ خۇددى يىرگىنچلىك مەخلۇقنىڭ بەتبەشىرە چىرايىدەك ۋەھىملىك ئىدى.

... ئوچاق ئىچىدە قىيامەت قايىم بولۇۋاتاتتى. بوۋاينىڭ نۇرسىز كۆزلىرى تورلىشىپ، جىمىرلاپ كەتتى. ئوت ئىچىدە سان - ساناقسىز ھاياتلىق جان تالىشىپ تىپىرلاۋاتاتتى، ئازابلىق تولغىنىۋاتاتتى، ئۇنىڭدىن زارلىنىپ ئىڭرىغان، چىرقىرىغان، داد - پەرياد قىلغان، تىللاپ، قارغىغان ... ئاۋازلار ئاڭلىناتتى. بوۋاي بۇ ئېچىنىشلىق ئاۋازنى قۇلىقى بىلەن ئەمەس، ۋەھىمىدىن لەرزىگە كەلگەن قەلب سەزگۈسى بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇردى، ئاڭلىغانسېرى بېشى تۈۋەن چۈشۈپ، باش - ئۇچى يوق قورقۇنچلۇق خىياللارغا چۆكۈپ كەتتى.

«بۇ ئوچاق بىنا بولغاندىن بېرى نەچچە ھارۋا ئوتۇننى مۇشۇنداق بىر تال - بىر

تالدىن يالماپ، كۆيدۈرۈپ تۈگەتكەندۇ؟ — بوۋاي بۇ سوئالغا جاۋاب تاپالماي، خېلىغىچە بېشىنى تاتىلاپ ئولتۇردى، — ھارۋىنىڭغۇ سانىنى ئالغىلى بولماس، ئەمما، شۇ ئوتتۇننى دۆۋىلەيدىغان بولسام، مۇشۇ ئۆي - ۋاق، باغ - ۋارانىڭ ئورنىغىمۇ پاتمايتتى، ئۈستى ئاسمانغا تاقىشاتتى، ئېھتىمال ئۇنىڭدىنمۇ جىق بولغان بولغىيدى، تۈگىدى ... ھەممىسى بىر تال - بىر تالدىن كۆيۈپ تۈگىدى. ئوچاقمۇ خۇددى ئەرزائىلغا ئوخشاش، ئۇ جاننى ئالغۇسى كەلسە ياش - قېرى، سەت - چىرايلىق، پادىشاھ - پۇقرا دېمەيدۇ. ئوچاقمۇ قاقشال، داغىي بولامدۇ، نوتا - كۆچەت بولامدۇ كۆيدۈرۈپ، يالماپ يۇتۇۋېرىدۇ ...»

بوۋاينىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى، يەنە يۆتەل تۇتتى. ئۇ بىر قولىدا ھاسىسىغا تايىنىپ، بىر قولىدا كۆكسىنى قامالاپ، قىيسىلىپ يۆتىلىشكە باشلىدى، بۇنداق چاغدا موماي بىچارە خۇددى چوغقا دەسسىۋالغاندەك تىپىرلاپ جايىدا تۇرالماي قالاتتى.

سەيدىخان — كىچىككىنە تاتىراڭغۇ يۈزى تال - تال-قورۇقلارنىڭ تولىلىقىدىن خۇددى قازان يۇغۇچتەك پۈرلىشىپ كەتكەن، قورۇقلۇقىدىن مۇرە سۆڭەكلىرى چوقچىيىپ چىقىپ قالغان، تېگى ئاق، گۈلى كۆك چىت كۆڭلەكنى ھوشۇقىغىچە سۆرۈلۈپ تۇرىدىغان، تۇرقىدىن يەنىلا بۇرۇنقى مولايىم، خوش پېچىملىقى، چېچەن - ھوشيارلىقى كەتمىگەن موماي شۇ ھامان ئاشخانىدىكى ئىشىنى تاشلاپ، يېنىك يورغىلاپ كۆتەك يېنىغا كەلدى:

— بىردەم ياتامالا؟

بوۋاي ئۈندىمىدى.

— كۆڭۈللىرى نېمىنى تارتىدۇ؟ شورپىمۇ تەييار بولۇپ قېلىۋېدى.

— ئەستا ... ئالدىمنى تۇسماڭلا دەيمەن ...! — بوۋاي سەيدىخاننى ھاسىسى بىلەن چەتكە ئىتتىردى.

— نېمىشقا ئەمدى؟ — دېدى موماي ھودۇقۇشىدىن ئىككى يېنىغا قاراپ.

— دوزاخ ...، — بوۋاي ئۆزىچە چۈشىنىكسىز ئاۋازدا نېمىنىدۇر پىچىرلىدى، ئاندىن ھاسىسى بىلەن ئوچاقنى شەرەت قىلدى، — ئوچاق ... ئوچاققا قاراڭلار ...

موماي ھاڭۋېقىپ ئوچاققا قارىدى. ھېلىقى بىر پارچە قاقشال كۆيۈپ تۈگەپ، قىپقىزىل چوغقا ئايلانغانىدى.

— نېمىنى كۆردۈڭلار؟

— ھېچنېمىنى.

— نېمىنى ئاڭلىدىڭلار؟

— ھېچ ... ھېچنېمىنى ...

— ھېچنېمىنى دەڭلا، ھا ... ھا ... ھا ...

بوۋاي خىرىلداپ كۈلدى، بېشىنى چايقىدى، كۈلگەندە بىر پارچە كونا كېسەككە ئوخشاپ قالغان تاتىراڭغۇ يۈزىدىكى قورۇقلار تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ، نۇرسىز كۆزلىرى قىسىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ كۈچسىز، خىرقىراق كۈلۈشىدە — مەسخىرىمۇ، ئۆكۈنۈشمۇ، قايغۇ - ھەسرەتمۇ، نەپرەتمۇ بار ئىدى. نىھايەت، موماي ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسىنى كەيپى كۆتۈرۈلۈپ قالغان چاغلاردىلا قىلىدىغان خۇشال چاقچىقى، دەپ بىلدى، بوۋاي بۇنداق چاغدا قويدەك مۇلايىم، ئىتائەتمەن بولۇپ كېتەتتى.

— ئوۋۋاي ... قويسىلا، نەدىكى يوق ئىشقا ئادەمنى تەمتىرىتىپ ...، — دېدى كۆڭلى ئىزىغا چۈشۈپ روھى كۆتۈرۈلۈپ قالغان سەيدىخان ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ، — ھاۋىنىڭ قىزىقىدا ئولتۇرمىسىلا، ماڭسىلا سۆرۈنگە.

بوۋاي ھاسىسىغا تايىنىپ ئۆرە قوپتى، ئۇ يەنىلا خىرىلداپ كۈلەتتى. ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسىنى ئۇنىڭ ئەلەملىك، ھەسرەتلىك يىغىسىدىن ئايرىۋېلىش تەس ئىدى.

— ئەمدى نېمىشقا ناخشا ئېيتمايدىغان بولۇپ قالدۇق خوتۇن؟ — ئۇشتۇمتۇت سوراپ قالدى.

— قىرىندۇق ... ھەۋەستىن قالدۇق دادىسى.
— ھا ... ھا ... ھا ... ھەۋەستىن قالدۇق
دەڭلا، — بوۋاي تال بارگىي ئاستىدىكى كونا
كارىۋاتقا ئېرىپ، يۇمشاق كۆرپىگە سوزۇل-
دى، — يوق كەپ، ھەۋەس بىزگە جان بىلەن
كىرگەن، جان بىلەن چىقىدۇ. ساتارنى
ئەپچىقىپ بەرسەڭلار، ئىچىم يۇشۇپ
قالدى ...

ئىككى پۇتى كۆرگە ساڭگىلىغاندا يەنە
نېمە ساتار؟ ھەي مۇشۇ بوۋاي ... ئەقلى -
ھوشى جايىدا تۇرغىنى بىلەن، تەنتەك قې-
رىپ قالغىنى يامان بولدى. ئۇ پات - پات
ساتار چېلىپ، غىڭشىپ ناخشا ئېيتقان چاغ-
لىرىدا، موماي بۇرۇنقىدەك زوق - ھەۋەستە
سۆيۈنۈپ ئاڭلاشنىڭ ئورنىغا ئىختىيارسىز
نومۇس - تەشۋىشكە چۈشەتتى. قولۇم - قوش-
نىلار ئاڭلاپ، سۆز - چۆچەك قىلىپ يۈرمىگە-
دى، دەپ، ئىشىكنى ھەم ياپاتتى.

— ۋاي قويسىلا، ئەمدى، — دېدى ئۇ غاز
قانىتىدىن ياسالغان ئاپئاق ماموق يەلپۈ-
گۈچتە بوۋاينى يەلپۈۋېتىپ، — ھەر ئىش ئۆز
يولىچە، ياشلىقتا قىلغان ھەۋەس قېرىغاندا
ياراشمايدۇ. بىر ئۇبدان مەسچىتكە چىقىشنى
باشلىۋېدىلە، بىر ئاي بولدى، ئۇنىمۇ تاش-
لىدىلا ...

سەيدىخان يەنە نېمىلەرنى سۆزلەيتتىكىن،
بىردىنلا سەپراسى ئۆرلىگەن بوۋاي كۆزلىرى-
نى چەكچەيتىپ تۇۋلىغىنى تۇردى:

— ئادەمنى تولا ئېچىشتۇرماڭلا دەيمەن،
مېنى ئەيىبلىمىگەن سىلى قالدىڭلىمۇ ئەم-
دى! بولدى بەس! مەسچىتنى دەپ نەدىكى
ئادەملەرنىڭ تىل - ھاقارىتىنى، تەنە -
مەسخىرىسىنى ئاڭلاشنى خالىمايمەن. ئىما-
مىنىڭ ئېيتىشىچە: مەن گۇناھى - كەبىرگە
قۇلىقىمغىچە پاتقان ئاسىي بەندىمىشمەن.
ئۆلگەندە ئۇدۇل ۋەيلۇن دوزاخقا تاشلىنار-
مىشمەن. قىرىغاندا ئوقۇغان نامىزىم قۇمغا

يېزىلغان خەتتەك، خۇدانىڭ نەزەرىگە يەت-
مەيلا ئۆچۈپ كېتەرمىش، ساۋابى بولماس-
مىش. ھەقىقىي ساۋابلىق ئىبىش گۈچۈن،
جامائەت ئالدىدا ئۆيدىكى ساز - پازلىرىم-
نى ئۇرۇپ - چېقىپ، تۆۋا - ئىستىغپار ئېيتار-
مىشمەن. ئىبغى بىر كالا ئۆلتۈرۈپ، مەسچىت
ئەھلىگە ئاش تارتىدىغان قەرزىممۇ بارمىش.
شۇنداق قىلغانىدىلا، ئىمام مېنىڭ، ئۇنىڭ
ئارقىسىدا ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇشىمنى مەق-
بۇل كۆرەرمىش. قاراڭلار، بۇ مۇتتەھەمنىڭ
پەتىۋاسىنى! ئۆيدىكى ساز - پازلىرىم ئۇ-
نىڭ نەرىگە تاقىشىپتۇ؟ ئۇنى چالسام مەن
چالدىم، ناخشا ئېيتسام مەن ئېيتتىم. ئۆم-
رىدە كىم ئۇسسۇل ئوينىمىغان، ناخشا ئېيت-
مىغان؟ ئۇچۇ؟ ئۇنىڭ قىلغان ناشايان ئىش-
لىرىنى ئىبغى ھېچبىر مۇسۇلمان قىلغىنى
يوق. مەن ئۇنىڭ ھاقارىتىگە چىداپ تۇرال-
مىدىم. جامائەت ئالدىدىلا تاكاللاشتىم، ئۇ-
رۇشتۇم. ئۇ مېنى «ئىمانسىز، دوزاخبەندىسى»
دەپ ھاقارەتلىدى، مەنمۇ ئاغزىمنى بولۇ-
شىغا قويۇۋەتتىم: «ھەي ... ئۆزۈڭچۇ، ئۆ-
زۈڭ كىمسەن؟ مەن چوڭ بولسام ھېلىقى شو-
پاڭكەش ئاتاڭ شەھەردە ھاراق ساتىدىكەن،
ئۇ شوپاڭخانىغا كىيىن سەن ۋارىسلىق قىل-
دىڭ. باج ئوغرىلاپ سولاقتا چۈشتۈڭ، قاچ-
داق ... بىلەمدىكەنمەن؟ شەھەردە تۇرغىدەك
يۈزۈڭ، قىلغىدەك ئوقىتىڭ قالمىغانىدىن كې-
يىن، بۇ يەرگە كەلدىڭ. بىرلا دۈمىلاپ ئىمام
بولۇۋالدىڭ. ئېيتە، قايسىمىزنىڭ گۇناھى
ئېغىر، قايسىمىز ئىمانسىز، دوزاخ بەندىسى؟»
دېدىم. ھەي قويۇڭلار سەيدىخان، مۇشۇ جا-
مائەت دېگەننى ... ئۇلار نېمە قىلدى دېمەم-
سىلەر؟ ئىمامغا بولۇشۇپ مېنى ئەسكى ئېرى-
دەك تارتىشتۇرغىلى، ئەيىبلىگىلى تۇردى.
«سامسىقاخۇن، سارالڭ بولدىلىمۇ، ئاران
بىر ئىمامغا يېتىشكەندە، ئۇنى تەزدۇرۇۋەت-
مەكچىمۇسىلە، شەھەردە كىم نېمە قىلمايدۇ،

ئىمام ئاخۇنۇم ئىلگىرى شوپاڭچىلىق قىلغان بولسا، بۇ يەرگە كېلىپ يامان قىلمىدى، يۇرتقا يەتتە قېتىم ئاش تارتتى، ئايىغى ياردىشىپ، مەسچىتىمىزمۇ ئاۋاتلىشىپ قالدى» دەيدۇ تېخى. توۋا دېدىم، ئاش - چاي كۆرمىگەن خەقمىدۇق بىز، ئەمدى نېمە بولۇپ كەتتۇق - ھە؟ ئىككى كاپام ئاشقا ھەممىنى تېگىشمۇېتىمدىغان. كىم پاك، كىم دوزاخ بەندىسى، پەرق ئېتىشنى بىلمەيدىغان بولۇپ قاپتۇق ...

سەيدىخان شۇ چاغدىلا بوۋاينىڭ نېمە ئۈچۈن تەرسا، چېچىلغاق بولۇپ قالغانلىقىنىڭ، كېسىلىنىڭ بىردىنلا كۈچىيىپ، ھالسىزلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندى.

— ئەستا ... يامان بوپتۇ، ...— دېدى ئۇ بوۋايغا ئىچ ئاغرىتىپ، — ئەمدى شۇنداق بولسىمۇ يەنە مەسچىتتىن قالمىسىلا.

بوۋاي خورسىنىپ، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى.

— مېنى ئەمدى مەسچىتكە زورلىماڭلار سەيدىخان، ناماز دېگەننى ئۆيدە ئوقۇسىمۇ ئوخشاشقۇ. ئىمامنىڭ نېمە دېگىنىنى دەپ بەردىم، مەن ئەمدى ئاشۇ شوپاڭكەشنىڭ چىقارغان پەتىۋاسىنى دەپ، ساز - پازلىرىمنى ئۇرۇپ - چاقامدىم. ساز چالغىنىم، ناخشا ئېيتقىنىم گۇناھ بولغان دەپ، جامائەت ئالدىدا توۋا - ئىستىغپار ئېيتامدىم؟ ياق، سەيدىخان، بۇنداق قىلىش ماڭا نومۇس ... ئۆلۈمدىن قاتتىق، دوزاخ ئازابىدىن ئېغىر ...!

موماي ئېرىنىڭ غەزەپتىن قارىداپ، ھەر بىر قورۇقلىرى ئارىسىدا ئەلەم - ھەسرەت ئىپادىسى قېتىپ قالغان، كۈندىن - كۈنگە يامانلىشىپ كېتىۋاتقان چىرايىغا قارىغىنىچە، ئۈن - زۇۋانسىز ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ: «ئىمام توغرا دەپتۇ» دېيەلەيتتىمۇ؟ ھەرگىز دېيەلمەيتتى. ساتار كونىرىغان، ئۆينىڭ ئىس - بۇسىدىن قارىداپ سىملىرىنىڭمۇ دات بېسىپ كەتكەن. تەمبۇر بىلەن راۋابمۇ شۇنداق. لېكىن ئۇلار ئەللىك نەچچە يىلدىن بېرى ئۆزلىرىگە ھەمراھ، خۇشاللىقىغا ئورتاق، دەرد - ئەلەملىرىگە غەمناك بولۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن يەنىلا قەدىرلىك. ئۇلارنى ئۇرۇپ - چېقىش دېگەن قانداق گەپ؟ بىراق ... قېرىپ، ساقال مەيدىگە چۈشكەندە ئۇنى يەنە تىرىكشىتىپ يۇرسە ...

ماموق يەلپۈگۈچتىن بوۋاينىڭ يۈز - كۆزىگە سالقىن شامال ئۇرۇلاتتى. ئۇنىڭ كۆزى ئاستا - ئاستا يۇمۇلماقتا ئىدى. «خۇدايا... پاكۇ - پەرۋەردىگارا ... سېنىڭ ھىممەت - شاپائىتىڭدە سەكسەن نەچچە يىل ياشىدىم... گۇناھىم نېمە، تۆھپەم نېمە، ھەممىنى ئۆزۈڭ كۆرۈپ تۇرغۇچىسەن. كەتمەن دەستىسىگە تايىنىپ چوڭ بولغانىدىم، كەتمەن تۇتۇپ ئۆمرۈم ئۆتتى. ھالال ئىشلەپ، ھالال يېدىم، ساڭا تۇزكورلۇق قىلمىدىم. ئۆزۈڭ بەرگەن بەش پەرزەنتنى ئوتتا كۆيدۈرمەي، سۇدا ئېقىتماي، يەتتە ئەزايىنى ساق چوڭ قىلدىم. جاپا تارتىپ ئۇنىڭ راھىتىنى كۆرۈشنى، راھەتتىن لەززەتلىنىشنى بىلدىم. دۇنيانىڭ خاپىچىلىقلىرىدىن، رەنجى - بالاسىدىن ئۆزۈمنى يىراق تۇتتۇم. خۇشاللىقنىڭ — ئويۇن - تاماشىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىشىشتىن ھارمىدىم. مېنى كەمبەغەل - گاداي ياراتقىنىڭ بىلەن، ئىشقى - ھەۋەسكە سۇلتان قىلغانىكەنسەن. مۇشۇنىڭ ھىممەت - شاراپىتىدىن يىگىرمە يېشىمدا «سامساق تەمبۇر»، ئەللىك يېشىمدا «سامساق ساتار» دېگەن نامىم چىقتى. بۇ ئىقلىمدا مەن بېرىپ قىزىتمىغان توي توي بولمايتتى، مەشرەپ - مەشرەپ ... ۋاھ، قالتىس چاغلار ئىدى - دە، ئۇ كەتمەن بىلەن ناخشا - ساز ماڭا بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولدى. ئىشلىگەندە قولدەك ئىشلەپ، ئوينىغاندا

بەگدەك ئوينىدىم. مەن چەكمىگەن خام تاماكا، بەڭ، ناسۋال قالمىدى. قېرىپ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغاندىمۇ، كۆزۈمنى ئىشقى - ھەۋەستە چاپچىپ تۇرغان ئاتتەك سېزىمەن. ئېتىمىزدا چېمىمنىڭ يېتىشىچە مىدىرلاپ، ئۇنى-بۇنى قىلىپ تۇرمىسام، ئىچىم تىتىلداپ، ئىچكىنىم سۇ، يېگىنىم ئاش بولمايدۇ. ناخشا - پاخشا، ساز - پازدا بۇرۇنقىدەك پەيزىم قالمىغان بىلەن، ئۇنىڭ ئۈنىنى ئاڭلاپ قالسام، ھېلىمۇ پۇت - قوللىرىم قىچىشىپ، ئىككى مۈرەم لىككىلداپ كېتىدۇ. ئېھ خۇدا، بۇلارنىڭ ھەممىسى نېمە؟ ئۇ سەن كۆڭلۈمگە ياققان ئىشقى - ھەۋەسنىڭ ئۇچقۇنىمۇ ياكى شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىمۇ؟ خۇدا، مېنىڭ جىمى قىلمىش - ئەتمىشلىرىمگە ئۆزۈڭ گۇۋاھ، ئۆزۈڭ شاھىد. ئۆمرۈم شۇنداق ئۆتتى. دۇنيانىڭ ھېچكىم كۆرەلمىگەن پەيزى - راھىتىنى مەن كۆردۈم. مۇراد - مەقسىتىمگە يەتتىم. قىسقىسى: جاھاندا ئوغۇل بالىدەك ياشىدىم. ئەمدى مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى گۇناھ بولىدىغان، بۇ گۇناھ تۈپەيلى مەن دوزاختا ھۆكۈم قىلىنىدىغان بولسام، ئەلھەكمۇلىللا ... ئۆزۈڭ پېشانەمگە يازغان بۇ قىسمەتنىڭ دەردىنى تارتماي چارەم يوق ...»

سىرتتا ساپايىنىڭ رىتىملىق شاقىلدىغان، دىۋانىنىڭ: «ھەق ... دوست، ياھاللا!» دېگەن سوزۇق ئاۋازى ئاڭلاندى. بوۋاي چۆچۈپ كۆزىنى ئاچتى.

— ساھىل ....، — دېدى ئۇ مومايغا، — نان بېرىڭلار.

دىۋانە ھايال ئۆتمەي ھويلىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ، بېشىغا كۇلا، ئۇچىسىغا مەللە تون كىيگەنىدى. چاڭگىلىشىپ كەتكەن قاپقارا ساقىلى ئۇزۇندىن بېرى سۇ تەگمىگەنلىكتىن مەينەتلىشىپ كەتكەن كېسەلمەن، ئاۋاق چىرايىنى تېخىمۇ سەتلەشتۈرۈپ، كىگىز پارچىسىدەك ئېسىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بېزەڭ-لىك ۋە ھاياسىزلىق قېتىپ قالغان قىسىق كۆزلىرىدىن، جاھاندىكى تالاي كەچمىشلەرنىڭ دورەۋۇنچىلىرىق ۋە قاباھەتنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈش مۇمكىن ئىدى. ئۇ ھويلىدا پىرقىراپ ئالدى - كەينىگە دەسسەپ جەررە سېلىشقا باشلىدى:

ياھاللا دوست، ياھاللا،
ھەق دوست، ياھاللا.
ئىشقى - ھەۋەس دېگەنلەر،
تەقۋانى تەرك ئەتكەنلەر.
ھەمدۇ - سانا دېمەستىن،
كەيپ - ساپا سۈرگەنلەر.
گۇناھلىرى ھېسابسىز،
قىيامەتتى مەدەتسىز.
ئاقنى قارا قىلغانلار،
ئول دوزاختا ئىرمىشلەر ...

دەستىسى جەرەن مۈڭگۈزىدىن ياسالغان، ئويۇل - ئويۇل ھالقىسى ئۇپراپ، پارقىراپ كەتكەن كونا ساپايە دىۋانىنىڭ جىگدە چوماقىدەك چوقچىيىپ چىقىپ قالغان ئورۇق يەلكىسىگە تىنىمسىز ئۇرۇلاتتى. تونىنىڭ مۈرىسى ساپايىنىڭ توللا ئۇرۇلۇشىدىن تىتىلىپ، قۇشقاچ چاڭگىسىغا ئوخشاپ قالغانىدى. گەۋدىسى ساپايە ئاۋازىغا ماس ھالدا رىتىملىق چايقىلاتتى. كۆزلىرىدە نالە - پەريادنىڭ تەگسىز مۇڭى قاينىپ تۇراتتى. ئاۋازى ساز ۋە ھەسرەتلىك ئىدى. ھايال ئۆتمەي دىۋانىنىڭ جۇدەڭگۈ چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ، ئۆپكىدەك ئېسىلىشقا باشلىدى، پېشانىسىدىن چىپىلداپ تەر قۇيۇلاتتى.

— تۇۋا گۇناھىنى يەر، سەدىقە بالانى ... يا - ھەزرىتى باھاۋىدىن نەخشىۋەن پىرىمنىڭ ھەققىدە ئامىن ...! — دېدى ئۇ بايىقى جەررىدىن كۆڭلى ۋەھىمىگە چۈشۈپ، ۋۇجۇدى ئەسەبىي، سوغۇق سىرقىراشتىن قېتىپ قالغان بوۋايغا تەمە بىلەن تىكىلىپ. سەيدىخان يۈزى چوڭ قىلىپ ئېچىلغان پۈتۈن بىر ناننى دىۋانىگە ئىككى قوللاپ ئۇزاتتى. ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

قوللىرى تىترەيتتى، كۆزلىرى ئايانچلىق ۋە تەشۋىشلىك ئىدى. دېۋانە نانغا ئىككى قولىنى خالار-خالىماس ئۇزاتقاندەك قىلدى-يۇ، قولىنى تېزلا تارتىۋېلىپ، مومايغا ئوڭايسىزلانغاندەك ھىجىيىپ قويدى:

— نان سالىدىغان خۇرجۇن - خالتامۇ يوق قوشناچ، پۇل تىلەيمەن، — دېدى ئۇ دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ، — ئىلاھا، ئامىن ... ئۆيلىرىدىن بەرىكەت قاچمىغاي، بەرگەن سەدىقىلىرىڭىزنىڭ ئىككىلا ئالەمدە ساۋابى بولغاي ...!

موماي ناننى تۇتقانچە تۇرۇپ قالدى، ئۇ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، تېڭىرقىغان ھالدا گاھ دېۋانىگە، گاھ بوۋايغا قاراپ تۇراتتى.

— ساھىل نېمە دەيدۇ؟ — بوۋاي بېشىنى كۆتۈرۈپ تەكىيىگە تىكلەندى.

— نان ئالمايدىكەن، پۇل تىلەيدىكەن.

— ناننى ئالمامدىكەن؟ — بوۋاي ئۆرە بولدى، — ئەمىسە بۇياققا كېلىڭ ساھىل ... كارىۋاتقا ....

— ئوبدان، تەقسىر ...، — دېۋانە ساپايىسىنى بېلىگە قىستۇرۇپ، بوۋاينىڭ يېنىغا كەلدى.

— قېنى، يۇقىرى چىقىڭ.

دېۋانە كارىۋاتقا چىقىپ بوۋاينىڭ يېنىغا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى، ئۇنىڭ تەمە بىلەن چوڭ - چوڭ ئېچىلغان كۆزلىرى بوۋاينىڭ قولىغا تىكىلگەنىدى.

— نامۇشەرىپىڭىزنى بىلگۈم كەلدى. ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟

— كىچىكىمدە ھەزرىتى قوشقاچ داموللامغا مۇرىت بولغانمەن، ھازىر ئەۋلىيا - ئاشىقمەن.

— قەيەردىن كېلىشىڭىز؟

— ئەسھابۇل كەھبتىن.

— راستىنلا ئەۋلىيا زات ئىكەنسىز، — دېدى بوۋاي قاشلىرىنى ھىمىرىپ، — شۇنداق قىلىپ نانغا ئەمەس، پۇلغا دۇئا قىلىسىز؟

— ھەئە، سەدىقىغە يارىشا ... مەن سىلىگە ئون كويغا دۇئا قىلدىم.

— ئون كويدىن نېمە تاپىمەن؟

— ساۋابلىق.

— بۇ ساۋابلىق ماڭا نېمە ئاتا قىلىدۇ؟

— ئاخىرەتتە جەننەتنى، جەننەت ھۇزۇرىنى.

بوۋاينىڭ قولىدىكى تىۋىلغا ياغىچىدىن ياسالغان پۈتاقلىق قوپال ھاسا ۋىژىلداپ كەلگەن پېتى دېۋانىنىڭ گەجگىسىگە تەگدى. سەرپۇش تۇمىقى پەسكە دومىلاپ كەتتى.

— ۋاي ئۆلدۈم ... ئادەم بارمۇ؟! — نالەلىق ۋارقىرىدى دېۋانە قورقۇنچ، ساراسىمە ئىچىدە ئۆزىنى كارىۋاتتىن ئېتىپ. سامساق بوۋاي بىتاپ، ھالسىزلىقتىن بىردىنلا قىزىق ياشلىق چاغلىرىدىكى قىران تەلۋىلىكىگە قايتقانىدى. ئۇ، دېۋانىگە شىرەدەك تاشلىنىپ، ھاسا بىلەن ساۋاشقا باشلىدى:

— ھۇ توزكور لەنتى، قارا يۈز ئالۋاستى! ئاش - نان يەپ چوڭ بولغان بولغىدىڭ، ئەمدى ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئۇنتۇدىڭمۇ؟! ناندىن پۇلنى ئەلا بىلگىنىڭ ئۈچۈن ئادەم ئەمەسسەن، ھايۋانسەن! تۇفى! تۈكۈرۈدۈم سېنىڭ ئەۋلىيا - ئاشىقلىقىڭغا! ھويلامنى پاسكىنا قىلما! چىق! كۆزۈمدىن يوقال!

بوۋاينىڭ غەزەپتىن چىشلىرى كىرىشىپ، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يىقىلىپ قالدى. موماي قورققىنىدىن داد - پەرياد كۆتۈرۈپ ئۇنى يۆلەش بىلەن ئاۋارە ئىدى. باش - كۆزى يېرىلغان دېۋانە كولاسىنى تال بارىڭى تۈۋىدىكى سۇدىن سۈزۈۋالدى - دە، ئۆزىنى تالاغا ئاتتى. دەرۋازا سىرتىدىكى چوڭ يولدىن ئۇنىڭ نالىلىق قارغىشى ئاڭلاندى:

— ئەۋلىيانى ئۇرغان قولۇڭ قاقشالدەك

قۇرۇپ كېتەر ئىلاھىم! قان قۇسۇپ ئۆلەرسەن! ئەبەدىي ۋەيلۇن دوزاختا كۆيەرسەن ...!

كوچىغا قولۇم - قوشنىلار، ئاندىن ئۆتكۈنچىلەر يىغىلدى. بىر توپ ئادەم بولدى. ئۇلار دىۋانىنىڭ قارغاشلىرىدىن ۋەھىمىگە چۈشۈپ، قورقىنىدىن ياقىلىرىنى تۇتۇشاتتى، ساماق بوۋاينى ئەيىبلىشەتتى. توۋا ... ئەلمىساقتىن ھازىرغىچە قايسى مۇسۇلمان سەدىقە تىلەپ كەلگەن دىۋانىنى ئۇرغان؟ ھەي سامسىقاخۇن ... نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟ نەچچە ۋاقىتقىچە سېنىڭ ناخشا - سازلىرىڭغا كۆيۈپ، بېشىمىزغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ يۈرۈپتۇق. نە - نەلەردە سەن بىلەن ماختىنىپتۇق ... ئەمما سېنىڭ مۇنداق ئادەملىكىڭنى بىلمەپتۇق. بىرنىڭ بالاسى مىڭغا! نېمە دەپمۇ ساڭا قوشنا ئولتۇرۇپ قالغان، داستىخىنىڭغا داخىل بولغان بولغىدۇق؟ باللىرىمىزنىڭ تويىدا سەن نەغمە قىلىۋېدىڭ، ئەمدى ئۇلارنىڭ ئۆيى بۇزۇلۇپ، باللىرى يېتىم قالارمۇ، مەشرەپ قىلغان باغ - ھويلىلىرىمىز چۆلدەرەپ كېتەرمۇ؟ ...

ھويلىدىن چاچلىرى سالۋاردىغان سەيدىخان ھۇ تارتىپ يىغلاپ چىقتى:

— قوشنىلار ... سامسىقاخۇن يىقىلىپ قالدى، دوختۇرغا ئاپىراي دېگەن، ھارۋىغا سالالمىدىم، خۇدا ھەققى بىر ياردەم قىلساڭلار ...!

دىۋانىنىڭ باش - كۆزىنى ئېرىقتا يۇيۇۋاتقان ئىمام گۇس - گۇس دەسسەپ، سەيدىخانىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ چىرايىنىڭ ئۆڭكۈلى ئۆچكەن، كۆزلىرى قەھرلىك ئىدى:

— ئاتا قارغىشى ئوق! — دېدى ئۇ مومايغا نەشتەردەك قادىلىپ، — ئەۋلىيا - ئاشىقلارنىڭ قارغىشىمۇ بەرھەق شۇنداق. ئۇ دوزاخبەندىسىنى خۇدانىڭ غەزىپى تۇتتى، شۇڭا ئەجەلىدىن بۇرۇن يىقىلدى. ئەمدى ئۇنىڭغا بەندىنىڭ چارىسى يوق، سەيدىخان!

## 2

باش كۈزنىڭ ئوچۇق سەھىرى ...

ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تەشتەكلەردىن گۈل پۇرىقى، باغلاردىن تومۇچۇقلارنىڭ ئەجەب چىرايلىق سايراشلىرى كېلىدۇ. بۇلار كاردىۋاتتا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان بوۋاينىڭ ھەسرەت ئازابى بىلەن زەرداپقا تولۇپ، كۈنسايىن ئاجىزلاپ كېتىۋاتقان يۈرىكى ئۈچۈن كۈچ - داۋا ... بوۋاي جاھاندىن نېمىلەرنى كۆتمىگەن، نېمىلەر بىلەن پەخىرلەنمىگەن؟ ئەمدى ئۇنىڭغا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا قالغىنى، سېخىي ھىممىتىنى ئايىمىغىنى پەقەت ئەنە شۇلار. گۈل ھىدى ئۇنىڭغا ئويلاپ باقسا يىراق - يىراقلاردا قالغان، ئەمدى ئۇنىڭغا ئەبەدىي ئېرىشىش مۇمكىن بولمايدىغان «ساماق تەمبۇر» دەپ ئاتالغان چاغلىرىنىڭ ئۇنتۇلماس شېرىن خاتىرىلىرىنى ئەسلىتىدۇ. تومۇچۇق ئاۋازىنىڭ ئەمدى قۇلاققا باشقىچە يېقىملىق ئاڭلىنىدىغان سېھىرىمىتى ئاجايىپ. ئۇ، بوۋاينى ناخشا - سازغا ئۈندەيدۇ. بوۋايمۇ بىر چاغلاردا ئاشۇنداق ناخشا ئېيتقانىدى.

ھارغىچە كەتمەن چېپىپ، ئۇسسىغاندا قوغۇنىنى مۇشت بىلەن بۆلۈك - بۆلۈك يېرىپ يېگەن ئېتىزلار، گال يىرتىلغىچە ناخشا ئېيتىپ، كېچىنى تاڭغا ئۇلىۋېتىدىغان كۆڭۈللۈك ياز مەشرىپى ... ھەي - ھەي ... قانداق پەيزى چاغلار ئىدى - ھە ئۇ؟ ئەمدى ئۇ ناخشىنى تومۇچۇق ئېيتماقتا. ھەي ... ھەممىسى كېتىپتۇ، ئېقىن سۇدەك ئېقىپ ئۆتۈپتۇ. ئەمدى راستىنلا ئەزرائىلنىڭ ئىشىك قېقىپ كېلىدىغان ۋاقتى يېقىنلاپ قالغان ئوخشايدۇ ... بۇنداق چاغلارنى بوۋاي قاچان ئويلىغان؟ ئۇ خۇددى ئاشۇ ئىشقى - ھەۋەسلىرى بىلەن ئەبەدىي ئۆلمەي ياشايدىغاندەك، ئۆمرىنى غەمسىز ياشاپ ئۆتكۈزگەنىدى. ئەمدى ئاخىرەتلىك توغرىسىدا ئويلە-

www.uyghurkitap.com

شىش كېرەك. بولمىسا، يەنە ھەممىگە كېچىكىپ قالىدۇ.

بوۋاي ئىنجىقلاپ، ئىڭراپ بېشىنى ئەستە سەيدىخانغا بۇرىدى:

— باللار كەلسە ... يۈز كۆرۈشۈۋالسام... قىلىدىغان ۋەسىيىتىممۇ بار ئىدى.

— ھەممىسىگە خەۋەر كەتتى.

— ئوبدان بوپتۇ، ئاخىرەتلىك يېتەمدۇ؟

— قىرىق مېتىرچە خەسە ئېلىپ قويدۇم.

— يەرلىك قانداق بولدى؟

— ئاكام بىلەن ئاچامنىڭ① يېنىدىن كولىتىپ قويدۇم. ئىككى كىشىلىك.

— ئەللىك نەچچە يىل بىر تەكىيىگە باش قويۇپتۇق ... جاھاننىڭ خۇۋلۇقىنىمۇ، جەبىرى - جاپاسىنىمۇ تەڭ تارتىپتۇق. شۇغىنىسى ... ئاخىرەتتە ئايرىلىپ كېتىدىغان بولدۇق ...

— ئۇنداق دېمىسىلە، ئاخىرەتتە خۇدانىڭ ئالدىغا بىللە قول تۇتىشىپ بارىمىز دادىسى.

بوۋاي بېشىنى چايقىدى، كۆزلىرىدە ياش ئەگىدى.

— ياق، سەيدىخان، ئويلاپ باقتىم ... ئىمامنىڭ دېگىنى توغرا ئوخشايدۇ، ئاخىرەتتە ئىككىمىزنىڭ بارىدىغان جايى ھەرگىز بىر بولمايدۇ. مەن ...

— ئادالەتلىك خۇدا، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى، — سەيدىخان داكا رومىلىنىڭ ئۇچىنى چىشلەپ ئۈمچىيىپ يىغلىدى، — ئۇ، ئۆزىنىڭ پاك، مۆمىن بەندىسىدىن ھېچقاچان مېھىر - شەپقىتىنى، شاپائىتىنى ئايىمايدۇ...

بوۋاينىڭ نۇر ئۆچكەن چىرايىدا بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلكىنىڭ سۇس كۆلەڭگۈسى ئوينىدى. كۆپكۆك تومۇرلىرى دەرەخ يىلتىزىدەك بۈرتۈپ چىقىپ قالغان، تېرىسى سۆڭەكلىرىگە چاپلىشىپ كەتكەن ئورۇق، جانسىز قولىنى سەيدىخانغا ئۇزاتتى. سەيدىخان ئۇنىڭ قولىنى ئۈستىدىن مېھىر بىلەن سىلىدى. بىر چاغلاردا قانداق بەقۇۋۋەت قول ئىدى - ھە بۇ؟ بۇ ئۆيگە ھىممەت - بەرىكەت ياغدۇرغانمۇ، سەيدەنى باغرىدا ۋىلىقلىتىپ كۈلدۈرگەنمۇ، تەمبۇر دەستىسىگە بۇلبۇل قوندۇرغانمۇ مۇشۇ قاقشالدەك قاتقان ئورۇق قول ئىدى؟ موماي ھېلىمۇ ئېرىنىڭ قولىدىكى ئىللىق ھارارەتنى، تومۇرلىرىنىڭ ئاستا، ئەمما تىنىمسىز سوقۇشىدىن ئاشۇ كۈچ - قۇۋۋەت ۋە ھىممەتنى سېزىپ تۇراتتى. موماينى بىر ئۆمۈر بەختلىك قىلغان مۆجىزات باشقا نەرسە ئەمەس بوۋاينىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئاشۇ خىسلەت ئىدى. موماي تۇرمۇشنىڭ ئېغىر كۈنلىرىدە ئاشۇلار بىلەن پەخىرلىنىشنى، كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى. بوۋاي تاياقچى، سەپرا، خوتۇنىغا قاتتىق قول ئادەم ئىدى، لېكىن سەيدىخان بوۋاينىڭ ئاشۇنداق بىر يەرلىرى ئۈچۈنلا، ئۇنىڭ بۇ ئەيىب - زۇلۇملىرىنى كەچۈرەتتى.

— مەندىن رازى بولۇڭلار ...، — بوۋاينىڭ خىرىلدىغان ئاۋازى ئۆزگىچە بىر مۇڭ بىلەن تىترەپ كەتتى، — راھەت كۆرمەپسىلە، جاپايىمنى جىق تارتىپسىلە ... كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، بىرمۇبىر ئويلاپ باقتىم ... دىلىڭلارنى چىگكەن جايلىرىم كۆپ ئىكەن، رەھىمسىزلىك قىلغانىكەنمەن ...

مانا، ھاياتىنىڭ ئۆكۈنۈش، ئېچىنىش بىلەن تولغان ئاخىرقى مەنزىلى. ئادەملەر پەقەت مۇشۇ مەنزىلگە يەتكەندىلا ئۆز ھاياتىنىڭ ئادىل سودىيىسىگە ئايلىنىدۇ. لېكىن ئاداققى ھۆكۈمدىن كېيىن، ئامانەتنى خۇداغا تاپشۇرمايدىغان، ھاياتىدىكى نۇرغۇن كەچمىشلەر ئۈچۈن ئازاب - پۇشايمان ھېس قىلمايدىغان ھېچكىم يوق.

① قېيىن ئاتا، قېيىن ئانىسىنى دېمەكچى.

— مىنىڭ مىراتىمغا رازى دادىسى، سىلىمۇ مەندىن رازى بولسىلا، — سەيدىخان بوۋاينىڭ قوللىرىنى، يۈزىنى سىلىدى. — خىزمەتلىرىڭنى ياخشى قىلالمىدىم، ياقىلىرىنى كىر قىلىپ قويغان، ئىسسىق - سوغۇق قالدۇرۇپ قويغان يەرلىرىم بولسا ...

موماي كېيىنى داۋاملاشتۇرالمىدى، ئىچىدە دەريا - دەريا يىغا قاينايتتى. ئۇلار — تەڭياشاپ، تەڭ قېرىغان، ھاياتنىڭ خۇشاللىق ۋە دەرد - ھەسرىتى بىلەن ئېغىرلاشقان ھارۋىسىنى بىللە سۆرەپ، چاچلىرى تەڭ ئاقارغان مېھرىبان ئەر - خوتۇن بۈگۈن ئەنە شۇنداق رىزالاشتى.

ئەتىسى ئۇلارنىڭ بەش بالىسى — ئىككى ئوغۇل، ئۈچ قىزى بالا - چاقىلىرىنى ھارۋىغا بېسىپ ئارقا - ئارقىدىن يېتىپ كېلىشتى. ھويلىغا بەش ھارۋا قاتار تىزىلغانىدى. ئەتراپ ئېشەكلەرنىڭ ھاڭرىشىدىن، بالىلارنىڭ قىقاس - چۇقانلىرىدىن، جېدەل-خەخشلىقلىرىدىن لەرزىگە كەلگەنىدى. توخۇلار ئۇششاق بالىلارنىڭ چاپمىسىدىن ئۈركۈپ قېقىنىدايتتى، باغلاقلىق ئىت غەزەپلىك قاۋايتتى ...

مومايىنىڭ ھارغىنلىق كۈنلىرى باشلاندى. ئوچاقنىڭ ئەسلىدىكى قازىنى ئېلىۋېتىلىپ، يوغان قازان ئېسىلدى، شۇنداقتىمۇ ئاش - ئاشقا، چاي - چايغا ئۇلگۈرمەيتتى. ئەنە ... بوۋايىنىڭ ئەتراپىغا ئولاشقان بەش بالا. بالىنىڭ ئەڭ چوڭى مامۇت. ئۇ ئەللىكنىڭ قارىسىنى ئالغان، نەۋرە كۆرگەن، پىشقان دېھقان، ئۇنىڭ ۋاقىتسىز قويۇۋەتكەن قويۇق ساقىلى دادىسىنىڭكىدەك ئاپئاق ئاقىرىپ كەتمىگىنى بىلەن كېكىرتىكىدىن ئېشىپ، مەيدىسىگە چۈشكەن، پۇتىدا كونا مەسە كالاچ، قولىدا تەسۋى ... ئۈچ قىزىنىڭ ھالى-تۇرقى ئۇنىڭدىن بەتتەر، تېخىمۇ كۈلكىلىك. ھەممىسى رۇپاش قىلىنغان. ئۇلار ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالدىدىمۇ يۈزىنى ئېچىپ ئولتۇرۇشقا ئەيمىنىدۇ. ھەر بىرسىنىڭ قۇچىقىدا بىردىن بوۋاق. ئۇلار بوۋاقلىرىنى يەپىلەش، ئەمدۈرۈش، لاتا - پۇتىلىرىنى يەڭگۈشلەش، توخۇ، ئىتقا چالما ئېتىپ، كەپتەرلەرنى ئاسمانغا قاڭقىتىپ يۈرگەن كەپسىز بالىلىرىغا كايىش بىلەن ئاۋارە.

پەقەت بالىنىڭ ئەڭ كىچىكى — يېزا بازىرىدا سامسىپەزلىك قىلىدىغان ئوغلى كەنجىلا ئۇلاردىن باشقىچە. ئۇ، بېشىغا شەپكە، ئۇچىسىغا يوللىرى قىزغۇچ كۆك مايكا، تار شىم كىيگەن، قويغان چېچىنى شوشاڭدا قىرقىسا بىر سېۋەت توشىدۇ. ئۇ تاماكا خۇمارىنى باسالماي، ھېلىدىن - ھېلىغا يانچۇقىنى سىقىمداپ، سەرەڭگىنى شاراقشىتىپ قويىدۇ.

بەش بالا بوۋايىنىڭ ئەتراپىدا كالىدەك پۇشۇلداپ، يەرگە مۈكچىيىپ، ئۈن - زىۋانسىز ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان، ئۇلارنىڭ ئوي - خىيالى نېمە؟ نېمانچىۋالا غەمكىنلىشىپ، جىمجىت ئولتۇرۇپ كېتىشىدىغاندۇ؟ ئۇلارغا قارىغانسېرى سەيدىخاننىڭ ئىچى پۇشىدۇ. ئىست، ئۇلارنىڭ ياشلىقى! نېمىلا دېگەنبىلەن يەنىلا بوۋايىنىڭ قېرىلىقى ياخشىكەن، بالىلىرىنى كۆرۈپ، روھى كۆتۈرۈلۈپ، باشقىچە تېتىكلىشىپ قالغان بوۋاي، بالىلىرىغا بىر - بىرلەپ قاراپ چىقىپ، چاقچاق ئارىلاش پاراڭغا چۈشتى:

— مامۇتاخۇن، ھە ... ئۆي - ئىچىڭ تىنچلىقمۇ بالام؟

مامۇت مۈكچەيگەن گەۋدىسىنى رۇسلاپ دادىسىغا لاپ قىلىپ قاراپ قويدى.

— خۇداغا شۈكرى، ئامان - ئېسەنچىلىك ئاتا.

— ئاڭلىسام، ساڭا 1000 كوي جەرىمانە قويۇپتۇ، دەيدىغۇ يېقىندا.

— جەرىمانە قويۇشنىغۇ قويدى، تېخى تۆلىمىدىم.

www.uyghurkitap.com

ــ نېمشقا قويمدىكەن شۇنچە جىق جەردىمانىنى؟

ــ ئەزىزنى ئوتتۇرا مەكتەپكە خەتلەپتەكەن، مەن بەرمىدىم. يېزىلىق ھۆكۈمەت مەجبۇرىي مائارىپ سىياسىتى بىلەن قارشىلاشتىڭ دەمدۇ، ئىش قىلىپ جىقلا گەپ.

ــ ھۆكۈمەت بىر ئوبدان ئوقۇتۇپ قوياي دېسە، ياخشى ئىش ئەمەسمۇ، نېمشقا بەرمەيسەن، كەتمەنگە سالاي دەمسەن ـ ياي؟

ــ مەن ئۇنى شەھەردىكى نامان خەلپەتكە بېرىپ قارى ـ قۇرئان قىلغۇم بار، ــ دېدى مامۇت دادىسىغا يەر ئاستىدىن قاراپ، ــ ئويلاپ باقسام ئۇرۇق ـ جەمەتىمىز ئارىسىدا ھازىرغىچە ئەھلى ئىلمى ئادەمدىن بىرەرسىمۇ چىقماپتۇ.

خاتىرىسى سەگەك بوۋاي ئوغلىنىڭ بۇ سۆزىدىن ئۆزىگە بولغان ئاچچىق ـ زەھەرلىك تەنىنى چۈشەندى.

ــ ھە ... پاتىمە، زۆھرەلىرىم① ....ــ بوۋاي كۆزىنى قىزلىرىغا ئاغدۇردى، ــ ياش تۇرۇپ بۇۋىم بولۇپ كەتكىنىڭلارمۇ بۇ؟

ئۈچ قىز چۈمبەل ئىچىدە چايقىلىپ، بىربىرىگە قارىشىپ قويدى، سادا چىقمىدى.

ــ مەن سىلەرگە دىدارلىشىۋالايلى، دەپ خەۋەر بەرگەن، سىلەر مېنىڭ بالىلىرىم، يۈرەك باغرىم، يات ئادەم ئەمەس، گۇناھى بولسا ماڭا بولسۇن، تاشلىشە چۈمبىلىڭنى! ئىچىمنى پۇشۇرۇشما مېنىڭ!

قىزلار بوۋاينىڭ غەزەپلىك ئاۋازىدىن قورقۇپ، تەمتىرىشىپ، يۈزلىرىنى ئاستا ـ ئاستا ئېچىشتى. ئۇلارنىڭ چۈمبەل تۇتقان قوللىرى تىترەيتتى. چىرايىدا تەشۋىش ئىپادىسى قاينايتتى.

بوۋاي سۆيۈنۈپ كەتتى، قىزلىرىغا تەلمۈرۈپ قارىدى. نەقەدەر يېقىملىق چىراي! مانا بۇلار ئۇنىڭ گۈل يۈزلۈك قىزلىرى.

بوۋاي بىر چاغلاردا مۇشۇ قىزلىرىنىڭ چېچەن ـ پاكىزلىقى، ئايدەك چىرايى بىلەن پەخىرلەنگەن ئەمەسمىدى؟ موماي ئۇلارنىڭ چاچلىرىنى «قىرىق تال» ئۆرۈپ، چىرايلىق جابدۇپ ـ ياساندۇرۇپ، سەيلى ـ سەيلىگاھقا يولغا سالغان چاغلىرىدا بوۋاي ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قانچىلىك زوق ـ ئىپتىخار بىلەن قاراپ قالاتتى ـ ھە؟

مانا ئەمدى شۇ قىزلىرىنىڭ تۇرقى ـ ھالى، پوررەك رومالغا تىزدىغىچە پۈركۈنۈپ خۇددى سادىر قورققان چۈجىدەك، دادىسىنىڭ ئايىغىدا تۈگۈلۈپ ئىچىگە تىنىپ ئولتۇرىدۇ. ئەمدى، ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى خۇش چاقچاقلىرى، خۇشال كۈلكىلىرى، ئەركىلەشلىرى نەگىدۇر يوقالغان؛ خۇددى يېتىم قوزىدەك ياۋاش، بىچارە، ئۇلار نېمىسىدىندۇر ئايرىلغاندەك، نېمىگىدۇر ھازا تۇتۇۋاتقاندەك... ئەرلىرى يۈرىكىنى مۇجۇۋەتكەنمىدۇ ـ ياي؟ ياق. بوۋاي كۈيئوغۇللىرىنى ياخشى بىلىدۇ، ئۇلار شۇنچە ئەدەبلىك، ياۋاش ـ مۇلايىم ئەھلى دېھقاندىن. ئەمسە قىزلىرىنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان نەرسە نېمە؟ بوۋاي بۇلارنىڭ سەۋەبىنى قىزلىرىدىن سوراپ ئولتۇرۇشنى خالىمىدى. كەنجى ئارىلىقتا ئىككى قېتىم باغقا كىرىپ چىقتى. بوۋاي ئۇنىڭ قىزارغان ئەلەك ـ سەلەك كۆزلىرىدىن، ئۇنىڭ ھېجىيىپ قويۇشلىرىدىن ھەممىنى چۈشەندى، ھەي كۆل بەگگى...! شاپتۇل تۈۋىگە بېرىپ خۇمارىڭنى بېسىپ كەلدىڭغۇ ھەقىچان. ھەببەللى، مانا بۇ يېرىك يارايدۇ سېنىڭ. ھۆل يەرگە غاڭزا ياساپ، كاۋا يېلىكىنى تۈپەك قىلىپ ئۆپكەڭ كۆيگىچە تارتىۋالساڭ... ۋاھ، دۇنيادا بۇنىڭ راھىتىگە يېتىدىغان نېمە بار؟ مانا سەنلا داداڭنى دوراپسەن!

بوۋاينىڭ كېلى قىچىشقاندەك، كۆزى تورلاشقاندەك بولدى، ئۇنىڭ خۇمارى

---

① بۇ سۆز ھەسخىرە ھەنىسىدە.

ئۇتقانىدى. ھەي، ئىسسىت، شۇ تاپتا تارتىقىدەك ماغدۇر بولارمىدى، بىر - ئىككى تارتىۋېلىپ، ئۆپكەم يېرىلىپ كەتسىمۇ مەيلى ئىدى!

—خوش... تۈكباش ئاغىنە...—بوۋاي كەنجىگە زوقلانغۇچى نەزەردە كۆزلىرىنى قىسىپ قارىدى،— ھېلىقى تاجىسى ئۇزۇن مەللە خورازغىلا ئوخشاپسەن جۇمۇ! قىزارماي بوپتۇ، ئادەم دېگەن قانداق ياشىغۇسى كەلسە، شۇنداق ياشىغۇلۇق. ئىش- ئوقىتىڭ قانداقراق؟

— يامان ئەمەس...

—دۇكان ئۆز ئالدىڭغىمۇ؟

كەنجى گەدىنىنى تاتىلاپ ھىجىيىپ قويدى:

—ئۇستامغا ئىمكار ئىشلەۋاتىمەن.

— ئىمكار ئىشلەۋاتقىنىڭغا ئىككى يىل بولدى، ھۈنەرنى تېخىچە قولۇڭغا ئالالمىدىڭمۇ؟

—جىلىت ئېچىشنىغۇ ئۆگەندىم.

— پەھ، پەھ، پەھ... ئىككى يىلدا جىلىت ئېچىشنى ئۆگەندىم دېگىن... خوتۇن - بالاڭنى قانداق بېقىۋاتىسەن؟

—قەدىر - ئەھۋال كېتىپ بارىدىمىز شۇ.

—ساز - پازلىرىڭنى ھېلىمۇ چېلىپ تۇرامسەن؟

—ھى... ھى... قولۇم قېتىپ قاپتۇ، زېرىككەك لويىن ① بار ئەمەسمۇ.

بوۋاي قولىنى سىلكىدى، ھاردۇق يەتكەندەك بولۇپ، كۆزلىرىنى يۇمدى. ئۇنىڭ بالىلىرى بىلەن سۆزلەشمىدىغان تالاي گەپلىرى بار ئەمەسمىدى؟ ئەمدى ئۇلار بىلەن ئاندا - بۇندا سۆزلىشىپلا بولىدى قىلىدى. نېمىدەپ سۆزلىشىدۇ؟ ئۇ، بالىلىرىغا خاپا ھەم ھەيران. شۇنچە سېغىنىپ، دىدار كۆرۈشۈشنى ئۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ ياتقان بوۋاي، ئەمدى ئالدىدا ئۆز بالىلىرىنى ئەمەس، ناتونۇش يات - ئادەملەرنى كۆرۈپ ئولتۇرماقتا. قېنى، بىر چاغلاردىكى تومۇرىدا دادىسىنىڭ قېنى قايناپ تۇرىدىغان بالىلىرى؟ ئۇلار ھېلىتىنلا ئاپتاپ چاقان كاۋا پېلەكدەك سولۇشۇپ قالغان، يۈرىكىنىڭ ئوتى ئۆچكەن. بىرى «ئەلھەمدۇلىللا»نى ئۆزۈك بىلمىگىنى بىلەن، تەسۋى تارتىدىغان ئىخلاسمەن تەقۋادار، بىرلىرى رۇپاش، يەنە بىرى لايغەزەل نان قېپى! بوۋاي بۇنداق ئادەملەرنى تولىمۇ يامان كۆرەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ پېشانىسىگە ئۇنداق ئادەملەردىن بىرى ئەمەس بەشى ئۇنىڭىنى نېمىسى؟

—بالىلارنىڭ ئىشى چاتاقكەن...—دېدى بوۋاي ئاخشىمى سەيدىخانغا ئاستا شىۋىرلاپ، —ئۆزگىشىپتۇ...بىزدىن بۇرۇن ئۆزگىشىپتۇ... بىزنىڭ يېشىمىزغا بارغاندا ھالى نېمە بولار؟

كۆڭلىدە ھەممىنى سېزىپ تۇرغان ئۆيغۇن موماي يەنىلا ئېرىنىڭ ئاغرىقىغا دەرد قوشۇشنى خالىمىدى. ئۇ پەقەت ئېغىر ئۇھسىنىش بىلەن جاۋاب بەردى، خالاس.

مامۇت ئەتىسى ئەتىگەندە نامازبامداتتىن قايپاقلىرى چۈشكەن، ئۆڭگۈلى ئۆچكەن، تاتارغان ھالدا قايتىپ كىردى.

—قېرىدىغاندا بۇ ئاتامنىڭ نېمە قىلغىنى؟—دېدى ئۇ ئاشخانىدا خېمىر يۇغۇرۇۋاتقان ئاپىسىنى ئىچكىرىكى ئۆيگە قىچقىرىپ،—ئەتىگەندە ئىمامدىن ھەممىنى ئاڭلىدىم. نومۇستىن جامائەتنىڭ ئالدىدا يۈزۈمنى كۆتۈرەلمەي قالدىم، يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدۇم.

سەيدىخان خېمىر يوقى قولىنى ئۇۋۇلىغاچ

① ئۇلنالىنۇ

www.uyghurkitap.com

ھالسىغا سوئال نەزەرى بىلەن تىكىلدى؛

— ئاتىڭىز نېمە قىپتۇ؟ تام تېشىپتىمۇ، بۇلاڭچىلىق قىپتىمۇ، يا ئىمامنىڭ ئىچىۋاتقان ئېشىغا توپا قويۇپتىمۇ؟

— ئۇنىڭدىن بەتتەر گۇناھلىق ئىش قىپتۇ، ئىمامنى بىكاردىن بىكار شوپاڭكەش دەپ تىللىغۇن، بۇنى ئاز دەپ ئۆيىگە سەدىقە تىلەپ كىرگەن دىۋانىنى ئۇرغىنى نېمىسى؟

— ئاتىڭىز بىر كىشىگە ئورۇنسىز يۇقىنىدىغان ئادەم ئەمەس، ئاتىڭىز ئىمامنىڭ تىل - ھاقارىتىدىن ئاچچىق يۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئىمام ئەجەب ئۆزىنىڭ قىلغىنىنى ئۇنتۇپ قالىدىكىنا؟ پىچاقنى ئۆزۈڭگە سال، ئاغرىمىسا ئۆزگىگە. ئاتىڭىزنى ئۆزىچە دوزاخقا ھۆكۈم قىلىۋېتەلەيدىغان خۇدامىكەن ئۇ؟ ئاتىڭىزنىڭ ھېلىقى دىۋانىنى ئۇرغان ۋاقتىدا مەن بار. دىۋانە بولۇنۇ، ئاپئاق ئاننى ياراتمىسۇن — ئاتىڭىزنى خوپ قىلدى دېدىم، بارىكاللا ئېيتتىم. سىزمۇ ھەدېسىلا ئاتىڭىزنى ئەيىبلەۋەرمەي، مۇشۇنداق ئاتىنىڭ ئوغلى بولغىنىڭىزدىن پەخىرلىنىڭ بالام!

مامۇت ئانىسىغا چەكچەيگىنىچە بۇتتەك قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ ھېچقاچان ئانىسىنىڭ ئاغزىدىن مۇنداق گەپلەر چىقار دەپ ئويلىمىغان. «خۇدايا، ئۆزۈڭ كەچۈرگەيسەن، — ئۇ تەشۋىش- ساراسىمە ئىچىدە تەسۋىسىنى تېز- تېز سىرىشقا باشلىدى، — ئاتامنىڭمۇ ئەزەلدىن ئىمانى سۇس ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ بۇ گۇناھى ئەمدى ئاپامغا ئۆتۈپتۇ...»

كۈنلەر ئۆتۈۋاتاتتى. بەش بالىنىڭ ھەممىسى ئۆز ئىشلىرى بىلەن بەنت ئىدى، دادىسىنىڭ قېشىغا كەمدىن- كەم كېلەتتى. مامۇت مەھەللە مۆتىۋەرلىرى بىلەن بىللە نەزىر- چىراق، ساما- تەلقىنلەر بىلەن بولۇپ، ئۆيدە كەمدىن- كەم تۇرىدىغان بولدى. كەنجىمۇ شۇنداق ئىدى، ئۇ ئەتىگەندە بىر چىقىپ كەتكەنىچە، كەچتە ئالا- تاھىل ۋارقىراپ، مەس- ئەلەس ھالدا قايتىپ كېلەتتى. ئاكىسى بىلەن كېچىگىچە ئۇرۇشۇپ چىقاتتى.

بىر كۈنى كىچىك قىزى زەينەپخاننىڭ ئالتە ياشلاردىكى ئوغلى تال باراڭغا يامىشىپ، تولۇق ئۈزۈملەرنى پاساڭداپ ئۈزگىلى تۇردى.

— ھاي - ھاي... قايسىڭلار بار؟ — بوۋاي كاردىۋاتتا ھاسىسىنى شىلتىپ، كۈچسىز تۆۋلىدى، — چۈشۈرۈۋېتىڭلار، ماۋۇ ھارام سۈيدۈكنى...!

كەيپى ئۇچقان زەينەپخان جايىنامازدىن ئالدىراپ قوپتى- دە، ئوغلىنى سىلكىپ تارتىشتۇرۇپ، يەرگە تاشلىدى. ئوغلى توپىدا دومىلاپ، بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ يىغلىماقتا ئىدى. زەينەپخان ئۇنى ئۆيگە سۆرەپ ئەكىرىپ، ئاغزى - بۇرنىغا نوقۇشتۇرغىلى تۇردى.

— يىغلىما، چۆل ساقلاندى... ئۈزۈم كۆرمىگەنمۇ سەن؟ يائاللا... مۇشۇ ئاتامنىڭ دەستىدە ئۇششاق بالىلارغىمۇ كۈن يوق. ئىككى تال تولۇق ئۈزۈمنى ئۈزۈپ قويغانغا...

— ئۇنداق دېمەڭ زەينەپخان، — دېدى موماي قىزىغا ئەلەم بىلەن چەكچىيىپ قاراپ، — بىچارە ئاتاڭلاردا نېمە گۇناھ؟ ھەقىچان، پىشقاندا يېسۇن دېگەندۇ، شۇنچىۋالا ئۈزۈملەرنى بۇرۇن سىلەردىن ئايىمىغان، ئەمدى بولغاندا سىلەردىن قىزغىنىپ گۆرىگە ئەكىرىپ كېتەتتىمۇ ئۇ؟

بالىلىرى كەلگەن كۈنلا سويۇلغان قارا باش ئىرىكنىڭ گۆشى تۈگىگەن، لاپاستىكى بېدە، تاغاردىكى بۇغدايمۇ ئازلا قالغانىدى. مومايىنىڭ بېشى قاتتى. تېگىمىزغا ئىشلەش، قوشچى تېپىپ ئاغدۇرغۇزۇش، كېۋەزنىڭ ئوتىنى ئوتاش كېرەك ئىدى. بوۋايىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، چاچتىن تولا ئېتىز ئىشلىرى،

ھەممىسى سەيدەخانغا قاراپ تۇراتتى. موماي بۇلارنى ئويلىغانسېرى كۆڭلى غەش بولدى. تامدەك ئىككى ئەر... ئەلۋەتتە كېرەك ئېتىز ئىشلىرى قانداق بولدى، دەپ سوراپ قويسىمۇ يامان كەتمەيتتىغۇ؟ بوپتۇ... بالا ئېغىزلانمىسا، ئانا ئېغىزلانغۇلۇق...

چاي ۋاقتى بولغىنىغا قارىماي، كەنجى يوتقاندا سوزىيلىنىپ ئۇخلاۋاتاتتى، ماموت تېخى مەسچىتتىن يانمىغانىدى. سەيدەخان چايدىن كېيىن ئۆز خىيالىنى بالىلىرىغا ئېيتماقچى بولدى. ماموت خېلىدىن كېيىن مەسچىتتىن كىردى - دە، ئىشىككە ئوت-بوغۇز تاشلاپ بەرگەندىن كېيىن، ئانىسىغا دېدى:

— ئەمدى بىز يانايلىمىكىن ئاپا.

— ئاتىمىزنىڭ ھالى مۇشۇنداق تۇرسا، نېمە دەيدىغانسىز؟ — دېدى ئۇ ھەيران بولۇپ.

— يەنە كېلىمىز ئەمەسمۇ، خۇدا كېسىلگە شىپالىق بېرەر. ئېتىزنىڭ ئىشى ماڭىلا قاراپ قالغان، ۋاقتىدا تولغەتمىسەم كەنت كادىرلىرى جەرىمانە قويغىلى ئارانلا تۇرىدۇ، باش قېتىمچىلىق...

مومايىنىڭ ئېيتماقچى بولغان گېپى بوغۇزىدىلا قالدى، توغرىسى، ئۇ دېيىشنى خالىمىدى. ئەتىگەنلىك چايمۇ كۆڭۈلسىز، ئىشتىھاسىز ئىچىلدى. سەيدەخان بوۋاينىڭ ئاغزىغا ھىل-ھىل پىشقان قوي گۆشىنى ئۇششاق تىتىپ سېلىۋېتىپ دېدى.

— بالىلارنىڭ كەلگىنىگە ھەپتە بولدى، ئەمدى يانسا قانداق بولار؟

— ئۆزلىرى شۇنداق دەمدۇ؟

— ياقەي، ئۆزۈمچە ئويلاپ قالدىم، ھەممىسىنىڭ ئۆيلىرى، چاچتىن تولا ئىشلىرى بار ئەمەسمۇ.

— ماموت بىلەن كەنجىگە ئېيتىڭلار، — دېدى بوۋاي بىردىنلا قاپىقىنى تۈرۈپ، — ئېغىلدىكى قىغىنى ئىككى ھارۋىسىدا ئېتىزغا توشۇپ، ئېگىزلىنى قولىدىن چىقىرىشىپ بەرسۇن، ئاچا-سىڭىل ئۇچى بېرىپ كېۋەزنى ئوتىسۇن.

— بولىدىلا، دادىسى، بالىلىنى تۇتۇۋالمايلى، ئۆزۈم بىر ئىلاجىنى قىلمايمەنمۇ.

بوۋاينىڭ تەرسالىقى تۇتتى، ئاغزىغا تەگلەنگەن گۆشنى نېرى ئىتتەردى.

— بالا دېگەن بالا، ئۆينىڭ مېھمىنى ئەمەس، ئايدا - يىلدا بىر كېلىپ، كىچىككىنە ئىشقا ئاسقاتمىسا... شۇنچىۋالا ئىشنىڭ ھەممىسىنى سېنى يالغۇز قىلىپ تۈگىتەلەمسەن؟

— تۈگىتىمەن، دادىسى، تۈگىتىمەن... ھەممىسىگە ئۈلگۈرىمەن. ئۆزلىرى بىلىلا، ئۇلار تەشكىل ئىچىدىكى ئادەم، ئېتىز ئىشىنى ئاقسىتىپ قويۇپ، كەنت كادىرلىرىنىڭ ئاھانىتىگە قويمايلى دەيمەن.

بوۋاي ئارسالدىلىق ئىچىدە جىم بولۇپ قالدى، بىردىنلا كېلى غىڭشىلداپ خېلىغىچە قېقىلىپ يۆتەلدى، بەش بالا ئەتراپىغا ئولاشتى. ئۇلار نېمىشقىدۇر تىللىرى كېسىۋېتىلگەندەك ئۈن-زىۋانسىز، بەللىرى ئېگىلگەن، دۈگدەيگەن، چىرايىدا ھاڭۋېقىش... كۆزلىرىدە بىچارىلىق، ئادەمنىڭ ئىچى سىرىلغۇدەك بىچارىلىق... مۆمىنلىك...

بوۋاينىڭ ئۇلارغا قاراپ ئىچى پۇشتى، ۋۇجۇدى شۈركىنىپ كەتتى.

— مېنى دەپ... ئىشىڭلاردىن قالماڭلار... — بوۋاي ھاسىراپ - ھۆمىدەپ، ئۈزۈك-ئۈزۈك ئاۋازدا خىرىلدىدى، — ھەئە ... ئىش ۋاقتى ئەمەسمۇ... كۆرۈشتۇق... مۇڭداشتۇق... خۇدانىڭ بۇ ھىممىتىگە... مىڭقاتلىق شۈكرى... ئەمدى سىلەرگە ۋەسىيەت قىلىدىغىنىم... مەندىن كېيىن قالساڭلار، مۇشۇ ئاپاڭلارغا... ياخشى قاراڭلار. ئاپاڭلار... مېنىڭ دەردىمنى... سىلەرنىڭ جاپايىڭلارنى كۆپ تارتقان... ئۇ مەن ئۈچۈن پەرىشتە... سىلەر ئۈچۈن خۇدا...

www.uyghurkitap.com

بالىلار بىر-بىرىگە چۆچۈپ قاراشتى. تۇۋا، ھېچقاچان ئاڭلىمىغان گەپقۇ بۇ! ئۇلارنىڭ نەزەرىدە مومای پەقەتلا ئانا ئىدى. ئۇنى پەرىشتە، خۇدا دېگىلى بولمايتتى. مامۇتنىڭ قولىدىكى تەسۋى تېز-تېز شىرىقلاشقا باشلىدى، قىزلار رومىلىنى چىشلەشتى. كەنجى تاقەتسىزلەنگەن، سىرتقا ئالدىرىغان ھالدا ھەدەپ يانچۇقىدىكى ئاچچىق تاماكا خالتىسىنى مىجىيتتى...

دەرۋازا يوغان ئېچىلدى، بەش ھارۋا تاراقشىپ چىقىپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن تەلمۈرۈپ قالغان بوۋاينىڭ كۆزلىرىگە لىققىدە ياش تولدى. ئاھ، باللار... باللار... ھەر ھەپتىدىن بېرى ئۇلارنىڭ بىرەرسىمۇ كېلىپ ئۇنىڭ باش-كۆزىدىن سىلاپ قويمىدى...

— ئەمدى يەنە ئىككىمىزلا قالدۇقمۇ سەيدىخان؟

— ھەئە... بۇمۇ خۇدانىڭ ئىلتىپاتى.

— كەنجى ئۆيدىكى سازلارنى ئېلىپ كەتتىمۇ؟

— ئالغاندەك قىلمىدىغۇ.

— مەن بايا ئېيتقانغۇ، سازلىرىم ساڭا مىراس قالدى دەپ؟

— ئۇنتۇپ قاپتۇ ئەمىسە.

— ئۇنتۇمىدىغان؟ ياراتمىغان، خالىمىغان گەپ!

مومای ئۈندىمىدى، بوۋاي ھەسرەتلىك ئىڭراپ كەتتى.

— ھەي ئىست ... بىر جۈپ ئوغلۇم بار دەپ ماختانغىنىم نېمىسى؟... ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن مېنى دورايدىغان بىرسىنىڭ چىقمىغىنى يامان بولدى ... سەيدىخان، ساماۋاقنىڭ قۇيرۇقىنى ئەمدى قوم بېسىپتۇ... بوپتۇ، ساتارنى ئەپچىقىڭلار، بالىلىرىم چالمىسا مەن چالاي...

سەيدىخان ساتارنى ئېلىپ چىقتى، ئۈستىدىكى توپا - چاڭلىرىنى كۆڭلىكىنىڭ پېشى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ، بوۋايغا سۇندى. بوۋاينىڭ ئۇنى چالغۇدەك ماغدۇرى يوق ئىدى. بىر چاغلاردا ساتارنىڭ ئۇزۇن دەستىسىدە تاغ شامىلىدەك لەرزان ئۇچقان، مۇردىغا جان بېغىشلىغۇچى نەپىس ئاھاڭلارنىڭ پايانسىز گۈلشەنىدىن ئاجايىپ رەڭدار، خۇش پۇراق گۈللەرنى تىزغان خىسلەتلىك بارماقلار ئەمدى ساتار دەستىسىنى ئاران قاماللاپ تۇراتتى، بوۋاي ساتارنى سۆيدى، كۆزلىرىگە سۈرتتى، ئاندىن كۆكسىگە ياقتى. ساتار بوۋاي بىلەن بىر جان، بىر تەن بولۇپ كەتكەنىدى.

... خۇددى يەر ئاستىدىن كېلىۋاتقاندەك راھەت بەخش بىر ئاھاڭ ئاستا - ئاستا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ، بوۋاينىڭ قەلب تارىنى تىترەتمەكتە ئىدى. ھەئە... بوۋاي بىر ئۆمۈر چېلىپ قانمىغان شادىيانە بىر كۈينى بېرىلىپ، زوق - شوق بىلەن چېلىۋاتاتتى. ئۇ ئاھاڭ گاھ ساتارنىڭ ئىزگۇ مۇڭىغا، گاھ تەمبۇرنىڭ يارقىن تىترەشلىرىگە، گاھ راۋابنىڭ شوخ سايراشلىرىغا ئوخشايتتى. بوۋاينىڭ ناخشا ئېيتقۇسى كېلىپ كەتتى.

— سەيدىخان ... بۈگۈن بىر ئۇسسۇل ئويناپ بەرسەڭلىغۇ - ھە؟

— ماقۇل دادىسى ... — سەيدىخان بۈگۈن بوۋاينى ئەيىبلەپمۇ ئولتۇرمىدى. ئورنىدىن تۇردى. بوۋاي ناخشىسىنى باشلىۋەتتى.

سەيدەم، سەيدەم، جېنىم سەيدەم،
ئاغرىدىمۇ مېنىڭ مەيدەم.
ئاللىيەي ...
سىلىنى بىردەم كۆرمىسەم ...
...............

بۇ ناخشا بۇلارنىڭ ئۆمرىدە نەچچە قېتىم

ئېيتىلمىدى؟ ئېھتىمال بۇنىڭ سانىنى دۇنيادا ھېچكىم ئېيتىپ بېرەلمەس، ئۇلارنىڭ باشلىقى مۇشۇ ناخشا بىلەن باشلانغان، ئۆمرىمۇ مۇشۇ ناخشا بىلەن ئۆتتى.

مانا، ئىككىسى توي قىلىپ بىر يىلدىن كېيىن دادىسى رەھمەتلىك ساماقىنى بۆلەك چىقىرىپ قويغاندا سېلىپ بەرگەن بۇ ئۆي ھازىر تاملىرى كونىراپ، قىڭغىيىپ، كېسەكلىرىمۇ ئۇپىراپ، ئېزىلىپ كەتتى، ئەمما بۇ ناخشا قېرىمىدى، كونىرىمىدى، بىر چاغلاردىكى يۈرەك بىغىشىنى تىترىتىدىغان تاتلىق لەززىتىنى يوقاتقىنى يوق. ئۇ خۇددى ياز قۇياشىدەك يارقىن، تاڭ يۇلتۇزىدەك ياپياش! ئاھ، شۇ ناخشا ... ئۇنىڭ ھېلىمۇ سەيدىخاننىڭ يۈرىكىدە قوزغايدىغان ئوتى باشقىچە، ھەر قېتىم شۇ ناخشا قۇلىقىغا كىرگەن چاغدا، ھېچنېمە ئاڭلىمىغاندەك جىم-جىت، ئۇندىمەي تۇرۇۋالغىنى بىلەن، بىر ئۆمۈر لەززىتىنى تېتىغان راھەتبەخش تۇيغۇدىن ۋۇجۇدى تىترەپ كېتىدۇ، پۈت-قوللىرىنىڭ سىرقىراپ ئاغرىشلىرىنى ئۇنتۇيدۇ، ئوقۇۋاتقان نامىزىدىن ئازىدۇ ... ئۇنىڭ بەختى-تەلىيىمۇ شۇ ناخشىدىن كەلگەن. شۇ ناخشىنىڭ ھىممەت-خىسلىتى بىلەن خۇدا ئۇنى ساماق بىلەن بىر ئۆمۈر بىر تەكىيەگەباش قويۇشقا نېسىپ قىلغان...

دەرۋازا تاراقلىدى، ھويلىغا چاچلىرىغا ئاق ئارىلىغان، بادام دوپپىلىق، ئېگىز-قامەتلىك بىر كىشى كىرىپ كەلدى. كۆرۈنۈشىدىنلا ئوچۇق-خۇش پېئىللىقى، زېرەكلىكى چىقىپ تۇرىدىغان بۇ ئادەم بۇ ئائىلىنىڭ دائىملىق مېھمىنى، مەھەللىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ پېشقەدەم مۇدىرى ئىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ...! — دېدى ئۇ ئەر-خوتۇن ئىككىيلەنگە سالام بېرىپ، — مەكتەپنىڭ ئىشلىرى بىلەن بولۇپ ۋاقتىدا كېلەلمىدىم. سىلىنى ئاغرىپ قاپتۇ، دەپ ئاڭلىمىدىم، قانداقراق ياتىلا ئاتا؟ سەيدىخان ئاچا ئۆزلىرىچۇ؟

— تىنىچ-ئامانلىق، كەلسىلە، قېنى كارىۋاتقا چىقسىلا.

بوۋاي مىدىرلاپ بېشىنى كۆچەپ كۆتۈرۈشكە ئۇرۇندى.

— كىم كەلدى؟ ۋاي-ۋاي ئابلەم شىياۋجاڭمۇسىز بالام ... ئۇزۇن بولدى كۆزلىرىدىن ئۇچۇپلا كەتتىڭىز ...

— ناھىيىدە مەجلىستە بولدۇم، تېخى ئۇلۇشكۈنلا كېلىشىم، — ئۇ، بوۋاينىڭ قولىدىكى ساتارنى كۆرۈپ باشقىچە خۇشال بولۇپ كەتتى، — ۋاھ، ۋاھ! يەنە ساتار چېلىپ ياتتىم دېسىلە ئاتا ... بارىكاللا!

سەيدىخان كارىۋاتقا داستىخان سالدى. پىيالىدىن ھور بىلەن بىللە كۆتۈرۈلۈۋاتقان مەززىلىك زىرە ھىدى مۇدىرنىڭ بۇرنىغا كۇپۇلدەپ ئۇرۇلاتتى. ئۇ، چاينى بىر-ئىككىم ئوتلىۋېتىپ، بوۋاينىڭ جۇدەپ قارىدىغان تاتىراڭغۇ چىرايىغا، چاناقلىرىغا پېتىپ كەتكەن نۇرسىز كۆزلىرىگە ئېچىنىش بىلەن قارىدى.

— بولماپتۇ ... دوختۇرخانىغا ئاپارمىدىڭلارمۇ سەيدىخان ئاچا؟

كارىۋاتنىڭ بۇرجىكىدە رومىلىنىڭ ئۇچىنى تىتىپ ئولتۇرغان موماي مۇڭ بىلەن بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— شۇنىمۇ ئويلىغان، يالغۇزچىلىقتا ھېچبىر ئىشقا يېتىشەلمىدىم بالام. ئۆيىنىڭ ئىشى، ئۇنى تۈگەتسەم ئېتىزنىڭ ...

— ئېتىز ئىشىغا بىزنىڭ مەكتەپ مەسئۇل، — دېدى مۇدىر، — كېۋەزلىكلىرىنى ئوت بېسىپ كېتىپتىكەن، بىر سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئوقۇتقۇچىسى بىلەن ماڭدۇردۇم. يەرلىرىنى تېرىيدىغان تراكتورىمىزمۇ تەييار. ساماق ئاكامنى دوختۇرخانىغا بۈگۈنلا ئاپىرايلى ئاچا.

ھاياجان ۋە سۆيۈنۈشتىن كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولغان موماي نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، بوۋايغا قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى.

— ھىممىتىڭىزگە رەھمەت بالام ... — بوۋاينىڭ ئاجىز، تىترەڭگۈ ئۈزۈك - ئۈزۈك ئاۋازى ئاڭلاندى، — شۇ تاپتا ... دوختۇرغا بېرىپ، سەللىمازا ساقايغاندەكلا بولدۇم ... كۆرۈپ تۇرۇپسىز، پىشىپ قالغان قوغۇنمەن ... كېسىلىمنى ئۆزۈم بىلىمەن ... ھەي ... سىزمۇ تېخى تۈنۈگۈنلا ياپيېشلا بالا ئىدىڭىز ... قېرىپسىز ...

مۇدىرنىڭ ئۇششاق قورۇقلار گىرەلىشىپ كەتكەن ئاقۇش چىرايىدا شۇئان مۇڭ - ھەسرەت ئىپادىسى ئەلەڭلىدى.

— شۇنداق ئاتا ... ئۆمۈر — ئاتقان ئوقتەك. مېنىڭمۇ پېنسىيىگە چىقىدىغان ۋاقتىم كېپقالدى.

— پېنسىيىگە چىقسىڭىز نېمە ئىش قىلماي دەيسىز؟

— ئىشىم كۆپ، ئەمدى قالغان ئۆمرۈمدە خەلق سەنئىتىنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلماقچىمەن، خەلق ئارىسىدا چېچىلىپ، كۆمۈلۈپ ياتقان سەنئەت جەۋھەرلىرىنى يىغىپ - رەتلەپ، ياش ئەۋلادلىرىمىزغا ئۆگەتمەكچىمەن، كىتاب قىلىپ يازماقچىمەن.

— ھەي ... — بوۋاي ئۇھسىنىپ بېشىنى چايقىدى، — بۇ ھىممەتلىك ئىشىڭىز سىزگە گۇناھى بەتنام بولۇپ ئارتىلماسمۇ بالام؟

— بۇ نېمە دېگەنلىرى ئاتا؟ — مۇدىرنىڭ كۆزلىرى تەئەججۈپتىن چەكچىيىپ كەتتى.

— مەن ئاقىۋەتتە مۇشۇ ئاھانەتكە قالدىم. ناخشا ئېيتقىنىم، ساز چالغىنىم ئۈچۈن دوزاخقا ھۆكۈم قىلىندىم.

— ھەممىسىنى ئاڭلىدىم! — دېدى مۇدىر ھاياجانلىنىپ، — مەن دوزاخ، جەننەت دېگەنلەرگە ئىشەنمەيمەن، لېكىن بىرلا نەرسىگە ئىشىنىمەن: سەنئەت — خەلقنىڭ سوقۇۋاتقان يۈرىكى، ھاياتلىق چىرىغى! يۈرەك توختىسا، چىراغ ئۆچسە نېمە بولىدۇ؟ ئادەملەرمۇ، دۇنيامۇ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتىدۇ. بايا سىلىنىڭ ساتارنى يۈرەكلىرىگە تېگىپ يېتىشلىرى نېمە ئۈچۈن؟ ئاشۇ چىدالماسلىق ئۈچۈن ئەمەسمۇ ئاتا!

— ياق ... بۇ مەندىكى ئىشقى ھەۋەس ... — دېدى بوۋاي پىچىرلاپ.

— ھەممىسى ئوخشاش بىر گەپ! — مۇدىر قىزىشتى، — ئىشقى يوق ئىشەك، دەردى يوق كېسەك، دەپتىكەن ئاقىللار. بۇنىڭ مەنىسى نېمە؟ ئىشقى - ھەۋەس — ئۇ سۆيگۈ، ئادەم پەقەت ئاشۇ سۆيگۈ بىلەنلا ئادەم، بولمىسا ئۇ خاك — تۇپراق ...!

بوۋاينىڭ قولاقلىرى ۋاڭىلداپ كەتتى، مۇدىرنىڭ دەۋاتقانلىرىنىڭ قايسىسى ھەق، قايسىسى خاتا، ئۇنى ئاڭقىرىشقا ئاجىز ئىدى. لېكىن، مۇدىرنىڭ ئاخىرقى گېپى ئۇنىڭغا خوش يېقىپ قالدى.

— بوپتۇ ئەمىسە ... مېنىڭ ئەنسىرەيدىغىنىم ... مەن سازلىرىمنىڭ توپا بېسىپ، ئاۋازىنىڭ ئۆچۈپ كېتىشىدىنلا غەم - تەشۋىش يەپ كەلگەنىدىم. خۇدا بۈگۈن ماڭا سىزنى ئېرىشتۈردى. مانا ساتار ... ئۆيدە تەمبۇر بىلەن راۋاب بار. بۇلارنى سىزگە، مەكتىپىڭىزگە يادىكار قىلدىم ... ئۇنى خار قىلمايدىغان، قەدىرلەيدىغان ئادەملا بولسا، كۆڭلۈم ئىمىن تاپىدۇ، كۆزلىرىم خاتىرجەم يۇمۇلىدۇ ...

مۇدىر ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، بوۋايغا ئېھتىرام بىلەن ئېگىلدى:

— رەھمەت، ئاتا!

(ئاخىرى 13 - بەتتە)






(داستان)


قۇربان بارات

يەر — ئالتۇن قوزۇق.
— ئۇيغۇر خەلق ماقالى.

ئانا زېمىن — يورۇق دۇنيا ساڭا ئەي ئىنسان،
ئۇ بولغاچقا تاپالايسەن ھايات ۋە ئىمكان.
يەركە چوڭقۇر يىلتىز يايغان دەرەخكە ئوخشاش،
سېنىڭ ئۆمۈر يىلتىزىڭمۇ ئۇنىڭغا تۇتاش.

1

بۆشۈكىڭدىن باشلىنىدۇ ساڭا بۇ زېمىن،
چۇقان سېلىپ چۈشۈپ يەرگە تاپقاندا ئىمىن.
ئۇنىڭ مېھرى ئېقىپ كىرەر تومۇرلىرىڭغا،
ئانا كۆكسى تەككەن چاغدا بۇدرۇق قولۇڭغا.
ئانا ئاھاڭ ياڭراپ ئاناڭ ئەللەيلىرىدە،
ئانا ئەلنىڭ ئاققان سۇدەك راۋان كۈيىدە،
كۆچەت كەبى سۇغىرىدۇ سەبىي دىلىڭنى،
يېتىلدۈرۈپ قىلىقلىرىڭ بىلەن تىلىڭنى.
خۇش چىرايلار سىڭىپ بارار قاراشلىرىڭغا،
سۆيۈش بىلەن جاۋاب بېرىپ تالاشلىرىڭغا.
ئۆملەيسەن بوسۇغىدىن چۈشۈپ قورادا،
يېڭى چېچەك بولۇپ چاقناپ ئالتۇن نۇرلاردا.
كەڭرى ئاسمان، ئېگىز تاغلار ۋە ئاپئاق بۇلۇت،



كۆرۈنىدۇ كۆزلىرىڭگە بەكمۇ چوڭ بولۇپ.
تال بارىڭى، ئېرىق بويىدا ئۆسكەن سۈۋادان،
ئاكىلىرىڭ، ئاچىلىرىڭ ـ كۆلگۈنچەك، شادان،
ئويناقلىغان قوزا ـ ئوغلاق، چىرايلىق موزاي،
ۋە مېكىيان ـ ئارقىسىدا چۈجە بىر تالاي،
بۇ ھەممىسى ئەتراپىڭنى ئالدۇ ئوراپ،
ۋە ئويۇنچى ئاسلانلىرىڭ قولۇڭنى يوراپ.
ئۇلار سېنى دۇنيا بىلەن تونۇشتۇردۇ،
يېتەكلەيدۇ ۋە ھاياتقا ئېلىپ كىردۇ.
سەن ماڭماقتا راسلىنىپ تۇرۇپ ئايىغىڭ،
خۇددى بۈركۈت چۈجىسىدەك قاراپ ھەر ياققا.
ئۈمتۈلىسەن، يىقىلىسەن مېڭىپ دەممۇ-دەم،
ئاستا-ئاستا ۋە ئىشەنچلىك تاشلايسەن قەدەم.
باشلىنىدۇ ھەۋەسلىرىڭ، ئىنتىلىشلىرىڭ،
ھېكىشلىرىڭ، يۈگرەشلىرىڭ، يىقىلىشلىرىڭ.
بۇ ئاجايىپ كەڭ دۇنياغا قويىسەن زېھىن،
قۇچىقىنى كەڭ ئاچىدۇ ساڭا بۇ زېمىن.
قارايسەنكى، ئىزىڭ چۈشكەن تۇپراق سېنىڭكى،
تاغلار سېنىڭ، دەريا سېنىڭ. بۇلاق سېنىڭكى.
باغرى كەڭرى ئالتۇن قۇملۇق چۆللەر سېنىڭكى،
قېلىن ئورمان، يېشىل يايلاق، كۆللەر سېنىڭكى.
قەدەملىرىڭ ئېلىپ چىقار سېنى يوللارغا،
ئۇچراشتۇرۇپ چاقناپ تۇرغان يورۇق نۇرلارغا.
ئەگەشسەن ئويۇن بىلگەن چوڭلار كەينىدىن،
ئۇلار سېنى يېتەكلەيدۇ سۆيۈپ قەلبىدىن.
قىش كۈنلىرى ئالتۇن رەڭدە كۆيگەندە ئوچاق،
قىش تۈنلىرى باشلانغاندا ئۇزۇندىن - ئۇزاق،
جۇۋىسىغا كىرىپ ئېلىپ قېرى بوۋاڭنىڭ،
ياكى يېتىپ ئېتىكىدە ئاق چاچ موماڭنىڭ،
چۆچەكلەرگە، داستانلارغا سالىسەن قۇلاق،
خىيالىي بىر ئادەملەرگە تولىدۇ ھەرياق.
زالىم خاقان، ئەخمەق شاھلار، ئەقىللىق چاكار،
ئاتلىق باتۇر، شەھلا كۆزلۈك، ئۇزۇن چاچلىق يار،
تويماس بايلار، يېتىم قىزلار ۋە قۇۋ سودىگەر،
يەتتە باشلىق يالماۋۇزلار بىلەن دېۋىلەر،
ۋە ئاجايىپ ۋەقەلەركى ئېقىندەك راۋان،

خىيالىڭغا ئورناپ قالار كۆپ ئۇزاق زامان.
ئۇ ساماۋى بىر دۇنيامۇ بولۇپ ساڭا خاس،
ئىدرىكىڭگە، ئويلىرىڭغا سالىدۇ ئاساس.
چۆچەك پۈتمەي،سەن ئۇيقۇغا كەتكەن ئۇدەمدە ـ
چۈش كۆرسەن جاھان كېزىپ ئۇچار گىلەمدە...

2

نۇرغۇن ئادەم توپلانغاندا يېشىل قوراغا،
ئىچ - ئىچىڭدىن شاد بولسەن قاراپ ئۇلارغا.
ئاسمىنى كەڭ بۇ زېمىندا ئۆسكەن ھەر بىرى،
قاپاق تېرەك غول سۇرگەندەك زەڭگەر كۆكسىرى.
پالۋان سۈپەت، پۇتلارغا پاتماي قالغان بەل،
كۆك بۆرىدەك جاسارەتلىك، ئۆكۈزدەك تەمبەل.
قارا ساقال، سېرىق ساقال، بەزىسى قوڭۇر،
رەڭلىك،يوغان كۆزلىرىدىن چاقناپ تۇرغان نۇر،
تام ياقىلاپ، كۆرپىلەردە قورۇپ بەدەشقان،
شۇ كۈن سېنىڭ ئائىلەڭدە بولىدۇ مېھمان.
يېتىپ كەلگەن ئۇلار ئاتلىق تەرەپ - تەرەپتىن،
بەزىلىرى يۇرت ئىچىدىن، بەزىسى چەتتىن.
بەزىلىرى ساي بويىدىن، يىراق جاڭگالدىن،
بەزىلىرى پادىلاردىن، قارلىق تاغلاردىن،
بەزىلىرى قاينام - تاشقىن كىچىك شەھەردىن،
توپلىنىشقان بۇ كۈن شۇنداق كېلىپ ھەر يەردىن.
يەتتە ياشقا كىرگەن يىلىڭ، قىلىنغان سۈننەت،
بۇ مەرىكە ـ ئىنسانلىقىڭ ئۈچۈن بىر ئىززەت.
بىر ئەركەككە ئىگە بولدۇق دەپ شاد بولار ئەل،
ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن دەيدۇ ۋە توقۇزى تەل.
زىياپەتلەر ئارقىسىدىن بېرىلەر ئوغلاق،
ئوزۇپ چىقار ئاتلار بولسا كۈچلۈك، ئۈچقۇرراق.
قارايسەنكى، ئۇچقان ئاتلار مىسالى بوران،
ئوغلاقچىلار ـ قايناق جەڭدە جان تىككەن ئوغلان.
سانسىز ئاتلار قىزىپ - تەرلەپ چاپقاندا سايدا،
چوڭقۇر تۇياق ئىزى قالار دەسسىگەن جايدا.
ئاھ، بۇ ئىزلار، زامان بويى قالمىغان نەدە؟
مەيلى تاغلار، مەيلى يايلاق، مەيلى شەھەردە،
جىلغىلاردا بار بۇ ئىزلار تاشقا ئايلانغان،
سېغىز لايدا قېلىپ شۇنداق كۆپ ئۇزاق زامان.

كەڭ زېمىننى ئاچقان شۇنداق بۇ ئاتلىق ئەجداد،
ۋە ياراتمىش بۇ زېمىندا ئىنسانىي ھايات...

شۇ كۈنى كەچ ئوغلاقچىلار ئوغلاق گۆشى يەپ،
قورۇ ئىچرە گۈلخان يېقىپ قىلىدۇ مەشرەپ.

سورۇن تۈزەر يۇرتنىڭ داڭلىق سازەندىلىرى،
چالغۇسىغا بۇلبۇل قونار چالسا ھەر بىرى.
دەردمەن ساتار، مۇڭلۇق غىجەك ۋە خۇشخۇي راۋاب—
كۈيلىگەندە، تەڭكەش بولۇپ كۈمبۈرلەيدۇ داپ.
نەينىڭ ئۈنى، تاشنىڭ ئۈنى كېتىدۇ ياڭراپ،
ئۈن شامىلى بىلەن قوشۇلۇپ يۇرت بويلاپ تاراپ.
مۇقام ئۈنى لەرزان لەيلەپ چىقسا ھاۋاغا،
مىڭ يىللاردىن قېلىپ كەلگەن گۈزەل ساداغا،
ئاقساقال چال، ئاق چاچ موماي سالىدۇ قۇلاق،
كۆزلىرىگە تولۇپ يېشى بۇلاق ۋە بۇلاق.
مۇقام رىتمى يۆتكەلگەندە ئويناق داستانغا،
ئوينار ياشلار قوللىرىنى يېيىپ ھەر يانغا،
دۇنياسىنى ئۇنتۇپ خوشال ئوينايدۇ ئوسسۇل،
سەكرىشىدۇ يەرگە تۇياق قويغاندەك دۈلدۈل.
ئاھ، بۇ زېمىن- قەدىم ماكان ناخشا-ئوسسۇلغا،
يېشىل ۋەتەن— كۈيلەيدىغان تۈمەن بۇلبۇلغا.
دەريالىرى ناخشا ئېيتىپ ئويناپ ئاقىدۇ،
بۇلۇتمۇ شاماللاردا ئويناپ باقىدۇ.
ناخشا ئېيتىپ ئۇچقۇتىدۇ ھەتتا شىۋىرغان،
مۇڭ تۆكىدۇ خارابىلەر ۋە قەدىم قورغان.
ھەتتا ناخشا ئېيتالايدۇ تورغاي، تومۇزغا،
دەرەخلەرنىڭ ئىڭاڭلىشىمۇ ئوخشار ئوسسۇلغا.
مەشرەپ قىزىدى، بالقىپ چىققان چاغدا كۆككە ئاي،
ئاق چېچەكتەك ئېچىلغاندا يۇلتۇز بىر تالاي،
بىر تۈنىكە تەلەڭگىنى چېلىپ داپ قىلىپ،
مەشرەپتىكى نەغمىلەرنى دوراپ، ياد قىلىپ،
كوچىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئوينار كۈدەكلەر،
خۇددى كىيىك ئوغلىقىدەك ئويناقلاپ سەكرەر.
سېنى ئەلگە قاتار شۇنداق تەنتەنە بىلەن،
بوۋىلاردىن قالغان يوسۇن - ئەنئەنە بىلەن.

3

كۈزمۇ كېلىپ چىللىغاندا شوخ چۈجە خوراز،
سەن مەكتەپكە راسلىنىسەن ئەيمىنىپ بىر ئاز.
ئاناڭ ساڭا سۆزلەپ راۋان ئاققاندەك بۇلاق،
مەخمەل جىلتە تىكىپ بېرەر قىلىپ كۆپ قوراق.
شۇندىن باشلاپ باشلىنىدۇ مەكتەپ ھاياتى،
يېتىلسەن يېتىلگەندەك قۇشنىڭ قاناتى.
پارتىلاردا ئۆتەر ئۆمرۈڭ سېنىڭ ئون يىللاپ،
مۇئەللىملەر، ئىمتىھانلار، خىلمۇ-خىل كىتاب،
ئون يىللاركى كۈنلىرىڭگە بولىدۇ ھەمراھ،
كۆز ئالدىڭدا ئېچىلىدۇ بىر سىرلىق دۇنيا.
ئىنسانىيەت تۈمەن يىللاپ توپلىغان ئەقىل،
نەزەرىيىلەر، فورمۇلىلار، پىكىرلەر، نەقىل،
ئېرىق سۈيى سىڭگەن كەبى چاڭقاق ئېتىزغا،
سىڭىپ بارار سەندەك سانسىز ئوغۇل ۋە قىزغا.
سەن زېمىننى چۈشىنىسەن جۇغراپىيىدە،
ياشاركەنسەن قايسى قىتئە ۋە قايسى يەردە.
قارايسەنكى، شان-شەرەپلىك ئەجدادىڭ سېنىڭ،
ياخشىسىنى ئىگىلىگەن ئىكەن زېمىننىڭ.
ئۇندا تاغلار زور قەددىنى تىكلەپ ئۇلۇغۋار،
قۇياش بىلەن ئاي ئاستىدىن زېمىنگە باقار.
كۈمۈشتەك ئاق پارقىرايدۇ چوققىلاردا قار،
جىرالاردا گۈزەل، ئەسىرىي مۇزلۇقلىرى بار.
چىقىپ ئۇندىن سانسىز دەريا تارام ۋە تارام،
مەڭگۈ پۈتمەس يوللىرىنى قىلىدۇ داۋام.
كەڭ زېمىنگە تارىلىدۇ شاخلىنىپ سېخىي،
خۇددى ئىنسان جىسمىدىكى قان تومۇر كەبى.
شۇ سۇلارغۇ تومۇردىكى قان كەبى ئاققان،
زامان - زامان ئىنسانىنى ۋە زېمىننى باققان؟
بۇ قان بىلەن بوستانلار ۋە شەھەرلەر ئاۋات،
تۇغۇلىدۇ، زورىيىدۇ، گۈللەيدۇ ھايات.
يايلاقلار بار بۇ زېمىندا يېشىل، بىپايان،
ئوتلاپ يۈرگەن مال ئۇچرايدۇ قارىساڭ قايان.
يايلاقلار بار، شۇمالىلار بار، تىرىكچىلىك خوش،
قازىنىڭدا ھور چىقىرىپ قايناپ تۇرار گۆش...
تاغلاردا بار ئارچىزار ۋە قارىغايلىق ئورمان،
ئاق بۇلۇتلار ئۈستىدە كەڭ، ياپيېشىل تۇرغان.
جىلغىلاردا بۇغا - مارال ئوتلاپ يۈرىدۇ،
قىيالاردا ئارقار، كىيىك ئويناپ يۈرىدۇ.
تاغ-تاشلاردا ئاپتاپ سۈنۈپ قىرغاۋۇل، ئۇلاي،

چاتقاللاردا بولسا سانسىز كەكلىك ۋە تورغاي،
گۈزەل زېمىن توغرىسىدا كۈيلەپ تۇرىدۇ،
شادلىقىدىن چاقىلدىشىپ سۆزلەپ تۇرىدۇ.
تاقىرتاشلىق تاغلاردىمۇ بولمايسەن خاپا،
تۇرلۇك ـ تۈمەن بايلىقلارنى ساقلىغان ساڭا.
ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۇران، نىكىل ۋە پۈتمەس كۆمۈر،
قانچە ئەۋلاد قازغان بىلەن پۈتمەس بىر ئۆمۈر.
خام ئەشيا دەپ ھەر تەرەپكە تۇرساڭمۇ يوللاپ،
كېچە ـ كۈندۈز توشۇغانغا قالمايدۇ خوراپ.
ئاشۇ تاغلار ساقلاپ كەلگەن كۆمۈر بولمىسا،
رۇدىلاردىن ئالغان پولات ـ تۆمۈر بولمىسا،
يانالامدۇ قىشتا مېشىك ئوتلۇق گۈركىرەپ،
چاپالامدۇ پاراۋۇزلار شىردەك ھۆركىرەپ؟
قارايسەنكى، چەكسىز يېرىك قالمىش چۆل بولۇپ،
قۇم دولقۇنى ئوكياندەك تۇرغان داۋالغۇپ.
زامانلاردىن بېرىگە قالغان بىر سىرلىق ماكان،
ئىنسان ئۈچۈن ياشىماققا يوق ھېچبىر ئىمكان.
بوستانلارغا، ۋادىلارغا سىلجىغان ھامان،
شەھەرلەرنى ۋە يۇرتلارنى يالماپ كۆپ زامان.
قاتتىق قوللۇق بىر ئاتىدەك ئاچچىقى يامان،
غەزەپلەنسە ئەۋەتىدۇ بىر قىزغۇچ بوران.
لېكىن ئاتا ھامان ئاتا، بىللە دۇئاسى،
يانچۇقىدا تەييار ساڭا ئالتۇن ـ تىللاسى.
چۆلنىڭ ئاستى داۋالغۇغان بىر قارا ئوكيان،
ئىرالاردىن ئىرا ئۆتۈپ توپلانغان قىيان.
ئەۋلادىغا ئاتاپ زېمىن توپلىغان بايلىق،
ئوخچىماققا تەييار بولۇپ كۆتەر قولايلىق.
بۇ بايلىق بار نامراتلىقتىن ساڭا نېمە غەم؟
بايۇەپچىمدەك ياشالايسەن بولسا ئەقىل، پەم.
خەجلىگەنگە ئۆكسۈپ قالماس تىللا دېگەن شۇ،
ئاتا چۆلدىن ئۆز نەسلىگە دۇئا دېگەن شۇ.
تارىخ ئوقۇپ چۈشىنىسەن ئىنسانىيەتنى،
بىر زامانغا دۇچ كېلىسەن ئاچساڭ بىر بەتنى.
ئۆزۈڭ كىمسەن، نەدىن كەلدىڭ، كىمنىڭ ئەۋلادى،
بۇ خەلقنىڭ يىلتىزلىرى نەدىكەن زادى؟
تارىخىدا ئۇنىڭ قانداق كىشىلەر ئۆتكەن،
قانداق بوران ۋە چاپقۇنلار، كەچمىشلەر ئۆتكەن؟
ئىدىركىمگىدە بارغانسېرى بولىدۇ روشەن،
ئىزدىنىشلەر تونۇشتۇرار ئۇزاق يول بىلەن.
قارايسەنكى، بوپتۇ خەلقىڭ زېمىن يۇلتۇزى،
بەكمۇ يىراق، تىرەن ئىكەن ئۇنىڭ يىلتىزى.
بۇ يىلتىزنى قازساڭ چىقار ئەجدادلىق بېشى،
يەر تېگىدە ياتقان چوڭقۇر بولۇپ ساي تېشى.
يوغان چاناق، قىرلىق بۇرۇن ـ تاشقا ئايلانغان،
سەن ئىنسانىنىڭ قايسى تىپى؟ ـ قىلىدۇ بايان.
گۇۋاھلىقتىن ئۆتىدۇ ئۇ ئاشۇ تاش پېتى،
بولۇپ گويا ئالتۇن مۆھۈر، بولۇپ يەر خېتى.
ئۇ سۆزلەيدۇ ئىنسان بىلەن زېمىن توغرۇلۇق،
ھاسىل قىلىپ بىر قانۇنىي، مۇقەددەس ھوقۇق.
تالاشلارنى، جېدەللەرنى قىلىدۇ بەربات،
سۈكۈت بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ، قىلىپ ئىسپات.
ھەر كىمنىڭكى زېمىنى بار چوڭ دۇنيادا،
شۇڭا ھايات داۋام قىلىپ كەلگەن ئۇلاردا.

4

سەن ياش ئىنسان ئاكۆز ئالدىڭدا ھايات ۋە دۇنيا،
ئۆز باغرىڭغا تارتىپ كېتەر بىر ئەزىم دەريا.
ئاققان دەريا بىللە ئېلىپ ماڭىدۇ سېنى،
بۇ دەرياكى ـ ئەل تەقدىرى، ھايات تاشقىنى.
ئاقار دەريا بەزىدە كەڭ، راۋان يول ئېلىپ،
بەزەن بولسا جىلغىلاردا قايناپ، قىستىلىپ.
بەزىدە مول سۈيى ئۇنىڭ، بەزىدە ئوزۇك،
بەزەن ئاققان لاي ـ لاتقىلىق، بەزىدە سۈزۈك.
ئېقىمشلىرى بەزەن تېيىز، بەزىدە تىرەن،
ئەمما ئاقار توسالغۇسىز بىر قۇدرەت بىلەن.
مەيلى قانداق ئاقسا ئاقسۇن دەريا سۇلىرى،
بۇ زېمىندىن ھالقىيالماس ئۇنىڭ يوللىرى.
ھالقىيالماس تارىخ بەخش ئەتكەن ئىمكاندىن،
ھايات يولى ئىزلەر پەقەت مۇشۇ ماكاندىن.
بىلەلەيسەن بۇنى سەنمۇ دىلدىن قىلىپ ھېس،
باشلانغانداسەندە مېھنەت، كەسىپ، ئىش، چېلىش.
دېھقان بولغىن، ئاۋال ساڭا سۇ ۋە يەر كېرەك،

www.uyghurkitap.com

ئۇرۇق، ئوغۇت، ئاندىن قالسا مېھنەت، تەركىرەك.
ئۆي سالماقچى، باغ قىلماقچى بولدۇڭ جاي لازىم،
بىر موردىن ئىس چىقاردىڭ، ئاشلىق، ماي لازىم.
يېرىڭ بولسا كۆكلەپ تۇرار تاختا ۋە تاختا،
ئامبىرىڭغا لىق تولىدۇ ئاشلىق ۋە پاختا،
بېغىڭ بولسا مېۋىلىرىڭ گۈللەپ تۇرىدۇ،
لىكىنىڭدە ئالما، ئۈزۈم كۆنلەپ تۇرىدۇ.
قورۇيىڭدا بالىلىرىڭ ئوينايدۇ يايراپ،
پېشايۋانغا ئۇۋا سالار قارلىغاچ سايراپ.
ئېغىلىڭدا كالا - قويلار مەرەپ تۇرىدۇ،
چايلىرىڭدا يېڭى قايماق لەيلەپ تۇرىدۇ.
پوتاڭدا گۆش، يانچۇقتا پۇل يانىڭ بازاردىن،
ئەل ئىچىدە يۈرەلەيسەن قالماي قاتاردىن.
پەقەت شۇندا بولالايسەن قەدىرلىك ئىنسان،
يېرىڭ بولدى، ئۆيىڭ بولدى - دېمەك سەن دېھقان!
زېمىن ساڭا ئۈلۈش بەردى ئانا باغرىدىن،
شۇڭا ئورۇن ئالالىدىڭ يۇرتنىڭ ئالدىدىن.
بولمىغاندا، بولار ئىدىڭ سايىق مەدىكار،
بۇردا ناننى ھېچكىم ساڭا بەرمەيتتى بىكار.
مالچى بولدۇڭ ماكان ئېلىپ ئانا يايلاقتا،
يۇلتۇز كەبى ئاق ئۆي تىكىپ ئېلىپ يىراقتا.
ساڭا ئوتلاق بىلەن ئوت-چۆپ، سۇ ۋە مال لازىم،
كۆكلەم، كۈزلەك، قىشلاق، ئورمان ۋە جاڭگال لازىم.
زېمىنىڭ شۇ، ئۇندىن ئۈنۈپ چىققان ھەر گىياھ،
ھايات سۈتى بېرەر ئانا كۆكسىدەك گويا.
شۇ گىياھ بار، ئوتلاپ يۈرەر ماللىرىڭ تېمەن،
باقار پۈتۈن ئائىلەڭنى يۇڭ ۋە سۈت بىلەن.
مال ۋە تېرە ساتالايسەن - يانچۇقىڭدا پۇل،
كىرەلەيسەن ئاتتىن چۈشۈپ دۇكانغا ئۇدۇل.
بەيگىلەردە ئاتقان ئوقتەك ئۇچسەن ئاتتا،
بۆرىلەردىن قالغان ئاشۇ ئۇچقۇر قاناتتا.
ئاتاڭ تاغۇ، ئاناڭ سۇ دەپ ياشايسەن ئەركىن،
كەچمىشىڭدىن بولۇپ بىغەم، تاغ كەبى تەمكىن.
ئەگەر ئاشۇ ئوتلاق بىلەن سۈيۈڭ بولمىسا،
مىنگەن ئېتىڭ، يۇلتۇزدەك ئاق ئۆيۈڭ بولمىسا،
يۈرمەسمىدىڭ ئۆزگىلەرنىڭ مېلىنى ھەيدەپ،
يۈتكەن مالغا، ئۆلگەن مالغا قەرز بولۇپ ھەدەپ؟
كەسىپ ئىزلەپ سەن شەھەرگە كىرسەڭ ياكى،
ھېس قىلىسەن - ئۆز ئۆيۈڭگە كىردىڭ گويا كى.
نېمە ئىش قىل، نېمە ساتقىن مەيلى شەھەردە،
تۇرۇپ قالدىڭ قايسى كوچا ۋە قايسى يەردە،
بولسا بولدى پەقەت ساڭا بىر ماڭدام زېمىن،
شۇ زېمىندا ئائىلەڭنى بېقىشىڭ مۇمكىن.
ئاشۇ زېمىن، رۇخسەت خېتى - ھاياتىڭ سېنىڭ،
ھارۋا، پىچاق، جىڭ ۋە زىخلار - بىساتىڭ سېنىڭ.
شۇلار باركى، بالىلىرىڭ قالمايدۇ تىنەپ،
مەسچىتلەردە يېتىپ - قوپۇپ يۈرمەس تەمتىرەپ.
قىشنىڭ كۈنى شىۋىرغاندا قالمايدۇ جۇلجۇل،
سىنىپلارغا كىرەلەيدۇ تارتىنماي ئۇدۇل.
چۈنكى ئاشۇ قاينام - تاشقىن شەھەر سېنىڭكى،
نەگە بارما، بۇ زېمىندا ھەر يەر سېنىڭكى.

5

سەن چوڭ ئايدىڭ، ئاتا-ئاناڭ كېتىپ دۇنيادىن،
پۈتۈن نەسەب مىراس بولۇپ قالدى ئۇلاردىن.
ئىنىلەرگە، سىڭىللارغا بولسەن تۈۋرۈك،
بارغانسېرى ئېغىرلايدۇ زىممەڭدىكى يۈك.
ئوغۇللارغا كېلىن لازىم، قىزغا كۈيئوغۇل،
تىرىكچىلىك، ھەممىسىگە تاپماق كېرەك يول،
ئۇلارغىمۇ زېمىن كېرەك، كېرەك ئېتىز، مال،
ياكى ھۈنەر، ياكى دۇكان - قىلسەن ئامال.
بالىلارغا كېرەك ئوقۇش، كىتاب ۋە دەپتەر،
ھەممىسىنى ھازىرلايسەن ئىشلەپ تۆكۈپ تەر.
قارايسەنكى، باغرى كەڭرى بۇ گۆھەر ماكان،
ھەممىسىنى سىغدۇرىدۇ، بېرىدۇ ئىمكان.
ئاتا - ئانا روھى ئۆلمەس پەرزەنت قەلبىدە،
بۇ دۇنيادىن كەتكەنلەرنى يادلاپ بەزىدە،
قەبرىلەرنى يوقلىماققا چىقسەن تاغقا،
سۈكۈت بىلەن ئولتۇرسەن قاراپ ئۇزاققا.
ئىختىيارسىز ئېزىلسەن، باسىدۇ خىيال،
تاشقىن بولۇپ بېسىپ كېلەر پىكىرلەر دەرھال.

www.uyghurkitap.com

كۆز ئالدىڭغا بۇ زېمىندا ياتقانلار كېلەر،
ساي تېشىدەك نۇرغۇن ئۇندا، باقساڭ قەبرىلەر.
تۈمەن بوغۇن بۇ دۇنيادىن بولغاندا ئادا،
ئارام تاپقان يەنە مۇشۇ زېمىن ئاستىدا.
سانسىز قەبرە يوقاپ كەتكەن بولۇپ بەلگىسىز،
سانسىز جەسەت قۇم-چۆللەردە قالغان قەبرىسىز.
بۇ زېمىننى قوغداپ كەلگەن تىكىپ جەڭدە جان،
ئوت ۋە سۇدىن يانمايدىغان سانسىز قەھرىمان.
ئۆڭكۈرلەردە ياشىغاندا قىرلىق تاش بىلەن،
يىرتقۇچلار ئوۋلاشقاندا ئوت قالاش بىلەن،
ئورمانلاردا ياشىغاندا ياغاچ نەيزىدە،
يۇلغۇنلاردىن ساداق ياساپ ئېلىپ بەزىدە،
مىس ۋە تۆمۈر ئېرىتكەندە بولۇشۇپ تىغلىق،
ياسىغاندا پۇرۇخنى ئۇ بولۇپ مىلتىقلىق،
تۈمەن-تۈمەن ئاتلار بىلەن ئۇچۇپ بوراندەك،
قاراتۇنلەر جەڭگاھلاردا يېنىپ گۈلخاندەك،
بېسىپ كەلگەن ياۋلىرىنى تۇرغان قايتۇرۇپ،
بوۋىلارنىڭ چىرىغىنى ئۈزمەي ياندۇرۇپ،
بۇ زېمىننى باسقىنلاردىن ساقلىغان ئامان،
شۇڭا خەلق ياشاپ كەلگەن زامان ۋە زامان.
ھە، بۇ زېمىن بولماس ئىدى شۇ ئىنسانلارسىز،
كەتكەندىمۇ ئۇلار گەرچە نامۇ-نىشانسىز.
ئۇلار كەتكەن، ئەمما ئۆلمەس روھى كەتمىگەن،
ئۆزلىرىنىڭ ماكانىنى تەرك ئەتمىگەن.
ئەۋلادىغا ھەمراھ بولۇپ ياشايدۇ بىللە،
ئانا ماكان توغرىسىدا ئويلايدۇ بىللە.
ئۇلار ياشار دەريالارنىڭ ئالدىرىشىدا،
بۇلۇتلاردا، چاقماقلارنىڭ يالتىرىشىدا،
تاغدىن كەلگەن شاماللارنىڭ كۈيلەشلىرىدە،
ئورمانلارنىڭ شىۋىرلىشىپ سۆزلەشلىرىدە،
تاڭدا چىققان كۈننىڭ ئالتۇن چاقناشلىرىدا،
قۇم چۆللەردە، كىيىكلەرنىڭ تاخلاشلىرىدا،
ئازغانلارنىڭ، يۇلغۇنلارنىڭ چېچەكلىشىدە،
يۇلتۇزلارنىڭ تۈن كۆكىنى زىننەتلىشىدە،
تومۇز كۈنى دەشتتە ئاققان نۇر دولقۇنىدا،
تاغ-چۆللەردىن ئۆتكەن ئۇزاق كارۋان يولىدا،
بەزەن تاغدا، كۆچكەن قارنىڭ گۈلدۈرلىشىدە،
بەزەن باغدا، ناغرىلارنىڭ گۈمبۈرلىشىدە،
بەزەن بولسا، بىر توپ بولۇپ قوزغايدۇ بوران،
زېمىن بويلاپ گۈركىرەيدۇ، سالىدۇ چوقان:
بىز ياتىمىز بۇ زېمىندا! دەسسىمە قاتتىق،
ئالتۇن ماكان قالغاچ بىزدىن بولدۇڭغا ناتىلىق.
گۈللە ئۇنى، ئاسرا ئۇنى، قىلمىغىن ئەرزان،
كېزى كەلسە قوغدا ئۇنى بىزدەك تىكىپ جان!

6

ئۇزاق ھايات يوللىرىدا كۆرۈپ ھەممىنى،
بەكمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىسەن زېمىن قەدرىنى.
تۇيۇلىدۇ ئۇ مېھرىبان ئانىدەك گويا،
ھەر گىياھى بولۇپ قالار ساڭا تۇتىيا.
بىرەر بالا سۇندۇرماقچى بولسا كۆچەتنى،
ھېس قىلغاندەك بېسىپ كەلگەن بىرەر كۈلپەتنى،
ۋارقىرايسەن ئاچچىق قىلىپ: چېقىلما ئاڭا،
ئۇ زورايسا، لازىم بولماي قالامدۇ ساڭا؟
ئۇ كۆكلىسۇن، يىللار ئۆتۈپ بولسۇن چوڭ تېرەك،
ئۆي سالىسەن، ئاشۇ چاغدا ساڭا ئۇ كېرەك.
ئۇنى ئابۇت ئەيلىگەندىن نېمە پايدا بار،
كىملەر ساڭا ياغىچىنى بېرىدۇ بىكار؟
بىراۋ تاشنى تاشقا ئۇرۇپ قويسا پارچىلاپ،
جۇدۇنلىرىڭ ئۆرلەيدۇ-دە، دەيسەن ئاچچىقلاپ:
— نېمە قىلدىڭ؟ سەن كىچىكمۇ، بۇ قانداق ئويۇن؟
ئۇ ئارتۇقلۇق قىلاتتىمۇ بولسىمۇ ئۇرغۇن.
بىرەرسىگە لازىم بولۇپ قالار بىر كۈنى،
ئۇ ھازىرچە ياتسۇن شۇنداق، تىنىچ قويغىن ئۇنى!
ئەگەر بىرسى قاقشاپ قالسا قاقاس شورتاڭدىن،
ئۇنىڭ نادان بىلجىرلىشى ئۆتكەندە جاندىن،
دەيسەن ئاڭا: قۇربىڭ يەتسە ياخشىلا ھازىر،
قۇربىڭ ئاڭا يەتمىدىمۇ، قاقشىما ئاخىر،
بۇ زېمىننىڭ بىر پارچىسى، ئالتۇن كەبي يەر،
ئەۋلادىڭغا كېرەك، ئۇندا قۇرىدۇ شەھەر.
يولۇچىلار قالسا زارلاپ دەشتلەرنى كەڭ دەپ،

قانچە ـ قانچە مەملىكەتكە، ئۆلكىگە تەگدەپ،
دەيسەن: نېمە قىلاتتىڭلار قىلىپ ئۇنى تارە
دەخلىسى يوق، تۇرۇۋەرسۇن شۇنداق كەڭ، بىكار.
ھېلىتىنلا قويغان بولساق ئۇنى توشقۇزۇپ،
قالماسمىدى شاخلىماقتا زېمىن يوق بولۇپ.
چۈنكى خۇددى دەرەخ كەبىي شاخلايدۇ ئىنسان،
ھېچقاچاندا ئۆز غولىغا پاتمايدۇ ئىنسان.
تامغا يېقىن، قىستاڭ يەردە قالغاندا ئۆرۈك،
زورايمايدۇ شاخلىرىنى يايالماي تۈزۈك.
ئۆتكەنلەردىن قاپتۇ بىزگە مۇنداق كەڭرى يەر،
تۇغۇلمىغان ئەۋلادقىمۇ قالسۇن كەڭلىكلەر.
شۇڭا، زېمىن تەقدىرىدە بولۇپ پاسىبان،
بىر كۆيۈمچان باغۋەن بولۇپ ئويلايسەن ھامان.
ئاچ ئىنسانلار تالان-تاراج قىلسا زېمىننى،
بىر ياغاچ دەپ دەل-دەرەختىن كەسكەندەمىڭنى،
چاشقان كەبىي ھۆتمۇ-تۆشۈك قىلسا تاغلارنى،
سۇنى بوغۇپ، قۇرۇتقاندا كەڭ جاڭگاللارنى.
ئۆرتىنىسەن ئىچ-ئىچىڭدىن قاينايدۇ غەزەپ،
مۇھىت ئاسراش ساۋاتىنى سۆزلەيسەن ھەدەپ.
مەسئۇلىيەت ھېس قىلىسەن ساۋاتلىق ئىنسان،
چۈنكى ئۈستۈڭ ئانا يەرگە بولۇپ مېھرىبان.
ئارام ئېلىپ كوچىلارنى كەزسەڭ بەزىدە،
كۆزۈڭ چۈشەر ياتقانلارغا مۇنداق تەرزدە:

توپىدىلا، داق يەردىلا ياتقان سوزۇلۇپ،
بىر تۈپ دەرەخ سايىسىدە ئۇخلىماق بولۇپ.
پەشمىتىنى قاتلاپ ئېلىپ قويغان بېشىغا،
ياكى باشنى قويغان توغرا سايىنىڭ تېشىغا.
ئۇخلار تىنچ، بەخىرامان، پالۋانلار كەبىي،
ئۇزاق يولنى بېسىپ كېلىپ ھارغانلار كەبىي.
ياتارشۇنداق، ئەجەبلەنمەس ھېچكىم ئۇلاردىن،
ماشىنىدا، ئات ـ ئۇلاغلىق ئۆتسە يوللاردىن.
كۆرگەن يەردە، ئۇخلاپتۇ دەپ ئويلىماس ھېچكىم،
ساقچىلارنى باشلاپ كېلىپ قوغلىماس ھېچكىم.
ياتىمىش ئۇلار چىڭ قۇچاقلاپ ئۆز زېمىنىنى،
ئانا يەرنىڭ توپىسىغا يېقىپ تېنىنى.

دەيسەن كۈلۈپ: راھەتلىنىپ ئۇخلا بۇرادەر،
ئۆيۈڭدىكى تۆشەكتىنمۇ ئىللىقراق بۇ يەر!

7

مەنمۇ سېنى ئىزلەپ يۈرگەن ئىدىم يادئېتىپ،
بىر كۈنى بىر چايخانىدا قالدىم ئۇچرىتىپ.
كۈلۈپ تۇرۇپ سالاملاشتىڭ كۆزلىرىڭ چاقناپ،
دىققىتىمنى تارتتى مېنىڭ چېكەڭدىكى ئاق.
كۆزلىرىڭنىڭ ئەتراپىغا ئورناپتۇ قورۇق،
كەچكەن ھايات يوللىرىڭدىن خاتىرە بولۇپ.
قارىشىڭدا ئەقىل نۇرى، پىكىر ۋە خىيال،
سۆھبەتلەشمەك بولۇپ ماڭا چاي تۇتتۇڭ دەرھال.
كۆڭلۈڭدىكى ئويلىرىڭنى ئايان ئەيلىدىڭ،
ئىنسان—زېمىن قىسسىسىنى بايان ئەيلىدىڭ.
پىشقان ئىدى، ئۇلۇغ ئىدى سەندىكى پىكىر،
قىزىقتۇردى مېنى بەكمۇ مارجاندەك تەسۋىر.
دەريا ئىدىڭ، ئېقىن بولۇپ قوشۇلدۇم ساڭا،
قىيا ئىدىڭ دولقۇن بولۇپ ئۇرۇلدۇم ساڭا.
دېدىم: مەندە پەيدا بولدى ئوخشاش خىيالەت،
كەلگىنىمدە يات ئەللەرنى قىلىپ زىيارەت.
ئۇرغۇنلىغان يۇرتداشلارنى كۆردۈم مەككىدە،
مەدىنىدە ياكى گۈزەل جىددە شەھرىدە.
شۇ جايلارغا بېرىپ ئۇلار ۋەتەندىن يىراق،
ئۇزاق يىللىق يىلتىزلىغان بولۇپ ئولتۇراق.
مېھنەت بىلەن، جاپا چېكىپ ياراتقان بايلىق،
ھال ـ ئوقىتى ئوبدان ئىكەن، كۈنى قولايلىق.
شۇنداقتىمۇ بىر يېرى كەم ۋە كۆڭلى يېرىم،
يىراقلاردا قالغان يۇرتنى ئەسلەپ بى تېنىم.
بىر كۈنى كەچ مەلۇماتلىق، چېچەن بىر ھاجىم،
چايخانىدا چىلىم چېكىپ تۇرۇپ مۇلايىم،
قان-قېرىنداش مېھمىنىم دەپ كۆرسىتىپ ئىززەت،
خىياللارغا پېتىپ چوڭقۇر، ئەيلىدى سۆھبەت.
دېدى: ئۆزۈم سانائەتچى، زاۋۇتلىرىم بار،
بىنالىرىم، ئالتۇنلىرىم، ياقۇتلىرىم بار.
يىگىرمىدىن ئېشىپ كەتتى كىچىك ماشىنام،
پۇلمۇ تاپتىم، يولمۇ تاپتىم ۋە چىقاردىم نام،

قىردىق يىلكى، بىر كۈن خۇشال ئۆتۈپ باقمىدىم،
ئىچ-ئىچىمدىن قايناپ-تېشىپ كۈلۈپ باقمىدىم.
يېتىپ - قوپتۇم يۇمىلىغاندەك گويا يانتاقتا،
سانسىز - سانسىز تىكەن ئىزى قالدى ئاياغتا.

ياش ۋاقتىمدا كۆرگەنىدىم يۇرتتا يۈرگەندە،
ئەسلەپ باقسام يا ئاتۇشتا، يا بەشكېرەمدە،
تۈگمەنبېشى، ئۆستەڭبويىدا ئۈچ-تۆت ياش دېھقان،
سۈزۈك سۇدا كەتمىنىنى چايقىشىپ تۇرغان.

يالىڭاياغ، يەيدىغىنى زاغرا، سوغۇق سۇ،
چاپانلىرى كونا، ئەمما يوق ھېچبىر قايغۇ،
كۈلۈشەتتى شۇنداق خۇشال ئىچىدىن قايناپ،
چاقچاقلىشىپ، قىزدىق سۆزلەپ، ئەركىن قاقاقلاپ.

قىردىق يىلكى، شۇنداق كۈلۈپ باقمىدىم بىرپەس،
شۇ كۈلكىنى ھازىرغىچە قىلىمەن ھەۋەس.
مىجەزىم چۈس، ئاچچىقىمۇ يامانراق شۇڭا،
نامىزىمدا پەقەت يۇرتقا قىلىمەن دۇئا.

خىياللاردا ئىزدىلىدۇ مېنىڭ بۇ جېنىم،
ئاشۇ قولدەك ئېچىلىدۇ مېنىڭ ئالقىنىم ...
دېدى ماڭا، دېڭىز ياقىنى قىلدى ئىشارەت،
ئىككى قولنىڭ تاش ھەيكىلى چوڭ، يۈكسەك غايەت،

دولقۇنلاردىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ ھاۋاغا،
ئوخشاپ گويا ئىككى تاغقا، ئىككى قىياغا،
ياراتمىشتىن تىلەپ تىلەك، قىلاتتى دۇئا،
ئىناقلىقتا، گۈللىنىشتە بولسۇن دەپ دۇنيا.

كېچە ئىدى، ئوتتۇرا شەرق كېلىنى - جىددە،
چاقنار ئىدى چىراغلاردىن پۈتكەن زىننەتتە.
مەسچىتلەرنىڭ كۆلەڭگىسى ئىدى سوغا يار،
ئەتراپىدا قىزىل، يېشىل، كۆكۈچ فونتانلار.

گۈزەل نۇرلار تەۋرىنەتتى دېڭىز يۈزىدە،
ئاشۇ پەيتتە ئۇ ھاجىنىڭ چېچەن كۆزىدە،
كۆرۈپ قالدىم، غىل-پال قىلىپ يالتىرىدى ياش،
دولقۇنلاردىن ئاجراپ چىققان تامچىغا ئوخشاش.

قىزىل دېڭىز ساھىلىدىكى ئاشۇ سۆھبەتتىن،
ئىزھاردىكى سەممىيلىك، ئۇلۇغ بىر دەردتىن،
مەن چۈشەندىم يۈرەكلەرنىڭ داغلىنىشىنى،
زېمىن بىلەن ئىنسانلارنىڭ باغلىنىشىنى.

بۇ بايانىنى سەن ئاڭلىدىڭ، قالدىڭ جىم بولۇپ،
چاي ئىچمىشتۇق ئۈنسىز قاراپ، جىمجىت ئولتۇرۇپ.
ئاشۇ پەيتتە مەكتىپىدىن يانغان توپ بالا،
قىقاس - سۈرەن سېلىپ ئۆتتى ئادەملەر ئارا.

جىلتىملەرنى ئاسقان بۇدرۇق بىر توپ ئوغۇل-قىز،
ئانا توخۇ باغرىدىكى چۆجىدەك غەمسىز.
ئارقىسىدىن، بىر ئايالنىڭ يېتەكلىشىدە،
كۆرۈنۈپ دالا گۈللىرىنىڭ چېچەكلىشىدە،

قوللىرىنى تۇتۇپ قولغا، ئەتراپقا قاراپ،
خۇددى ئۆردەك چۆجىسىدەك ئوماق ئېغاڭلاپ،
كوچا بويلاپ ئۆتتى بىر توپ يەسلى باللىرى،
ئۆتۈپ كەتتى قارشىمىزدىن ئۇزاقلاپ نېرى.

قاراپ قالدۇق، خىيال بىلەن ئېلىپ چوڭقۇر تىن،
پىچىرلىدۇق: ئۇلارغىمۇ كېرەك بۇ زېمىن.
ئۇلارغىمۇ كېرەك شەھەر، يايلاق ۋە دالا،
قارلىق تاغلار، چەكسىز چۆللەر، سۇ ۋە ساپ ھاۋا.

ھويلا - ئارام، ماڭار كوچا، تېرىيدىغان يەر،
كۆكلەيدىغان، شاخلايدىغان ئانا كەڭلىكلەر...
— چۈشىنىپسەن ئاكا! — دېدىم زېمىن قەدرىنى،
كۆردۈم سەندىن پاك ئىنساننىڭ كەڭ بىر قەلبىنى!

* * *

ئانا زېمىن — يورۇق دۇنيا ساڭا ئەي ئىنسان،
ئۇ بولغاچقا تاپالايسەن ھايات ۋە ئىمكان.
يەرگە چوڭقۇر يىلتىز يايغان دەرەخكە ئوخشاش،
سېنىڭ ئۆمۈر يىلتىزىڭمۇ ئۇنىڭغا تۇتاش.

1989- يىل 9- ئاي، ئۈرۈمچى





# كۈيئوغۇل



(ئۈچ پەردىلىك كومېدىيە)

سەئىد ئەھمەد (سوۋېت ئىتتىپاقى)

قاتناشقۇچىلار

غەنىۋاي-بويتاق، 67 ياشتا.
قۇدرەت–غەنىۋاينىڭ ئوغلى، 50 ياشتا.
رەھىمە- قۇدرەتنىڭ خوتۇنى.
بەھرى- غەنىۋاينىڭ چوڭ قىزى.
نازىمە- غەنىۋاينىڭ كىچىك قىزى.
ئەركىن- قۇدرەتنىڭ ئوغلى، سۈرەتچى.
جۆرىۋاي- غەنىۋاينىڭ قوشنىسى.
مەخسۇم- نازىمەنىڭ ئېرى.
زېبىنىسا- كولخوز رەئىسى.

ئەنزىرەت
جەمىلە
خالنىسا
زۇمرەت
رەھبەر
قۇمرى
ھەسەل

} يېزىدىكى تۇل خوتۇنلار



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## بىرىنچى پەردە

(ئازادە، كۆركەم ھويلا. ئوتتۇرىدا باغقا چىقىدىغان ئىشىك. تام كەينىدىن ئۆسۈملۈك-لەرنى قورۇتۇش ئۆيىنىڭ ئۆگزىسى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. پېشايۋانغا ئەتىگەنلىك چايغا داس-تىخان راسلانغان. سەھنە چېتىدە غەنى ئاتا زالغا تەتۈر قاراپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرىدۇ. ئايىغى ئاستىدا داس، ئۇنىڭدا يۇيۇپ سىقىل-غان كىيىملەر. پېشايۋاندا ئوغلى قۇدرەت بىلەن كېلىنى رەھىمە غەنىۋايغا ھەيران بولۇپ قاراپ ئولتۇرىدۇ. قۇدرەت ئۇزۇن پاۋزىدىن كېيىن تېلېفون تۇرۇپكىسىنى ئېلىپ جاۋۇلداپ سۆزلەشكە باشلايدۇ.)

قۇدرەت: ھە، چاپسانراق بولمامسەن، ئاچا؟ ھەممە يەر قىيامەت قايىم بولۇپ كەتتىغۇ. گەپنى سوزما. كەلسەڭ بىلىسەن. ئېيتىپ قوي-مام، كېيىن مەندىن خاپا بولۇپ يۈرىسەن. ئاكامنىمۇ ئېلىپ كەل. ھە، ئاڭلىشىمچە، كاماندىروپكىدا ئىدى- ھە، ئۆزۈڭ كېلىۋە، بولمىسا.

(تۇرۇپكىنى قويۇپ، پېشايۋاندىن چۈشۈپ، ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ.)

بۇ ئىشىڭىز قاملاشمىدى، ئاتا. كاككۇك سايرىماستا ئورنىڭىزدىن تۇرۇۋېلىپ، قاقپۇدا ھويلىغا چىقىۋېلىپ كىر يۇغىنىڭىز نېمىسى؟ ئەل-جامائەت كۆرۈپ قالسا، بىزگە ئۇيلەت ئەمەسمۇ؟ ئۇنداق قىلماڭ، ئاتا.

غەنى: ھە، نومۇس قىلىۋاتامسەن؟ ئەگەر نومۇس قىلىشنى بىلسەڭ، ئەمدى كۆرۈش. ئىشتان- كۆڭلەكلىرىمنى ئاپتوبۇس بېكىتىگە ئېلىپ چىقىپ يۇيىمەن.

(داستىكى كىرلەرنى كۆتۈرۈپ كوچيا تەرەپكە ماڭىدۇ.)

رەھىمە: ئۇنداق ئەمەس، ئاتا. بىزنى ئەل-يۇرت ئالدىدا ئوسال قىلماقچىمۇ؟ ئۇچىڭىز-دىن ھېلى چۈشكەن كىيىمنى ھېلى يۇيۇپ تۇرغان تۇرساق. ئىككى ھەپتىدىن بېرى كىيىملىرىڭىزنى بىزگە بەرمەي ئۆزىڭىز يۇيۇ-ۋاتىسىز. قارىڭا، ئېچىلماپتۇ، كىرى چىقماپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە دەزمال سالماي كىيىپ كې-تىپسىز. خەق كۆرسە، كىر يۇغان كېلىنىنىڭ قولى سۇنسۇن، دېمەمدۇ.

غەنى: ماڭا كۆيۈنمەيلا قوي. ماڭا كۆيۈ-نىدىغىنى 11 يىل بولدى، قارا يەرنىڭ تېگىدە ياتىدۇ. كۆرۈۋاتقىنىم- ئىتنىڭ كۈنى. ئابدىم بولغان بولسا، مەن بۇ كۈنگە قالمايتتىم.

رەھىمە: بىزدىن زادى نېمە يامانلىق كۆر-دىڭىز؟ تامىقىڭىز تەييار، ئورنىڭىز سېلىق-لىق، كىرىڭىز يۇيۇقلۇق، يەكتەكلىرىڭىزنى ئېيتمايلا قويايلى، پايتىمىڭىزغىمۇ دەزمال سالىمىز. ئوبدانراق كىيىنىپ يۈرۈڭ، دەيمىز. سىز دېگەن پۈتۈن مەملىكەتكە تونۇلغان لى-مونچى باغۋەن تۇرسىڭىز. ھەپتىدە بىر قېتىم تېلېۋىزورغا چىقىپ لىمون ھەققىدە سۆزلەي-سىز، گېزىت - ژۇرناللاردا دائىم رەڭلىك سۈرىتىڭىز چىقىپ تۇرىدۇ. ھېلى تۈركمەنىستان، ھېلى تاجىكىستان، ھېلى قىرغىزىستاندىن تېلېفون ئۈستىگە تېلېفون كېلىپ: لىمونىنى قانداق ئۆستۈرىدۇ، كۆچىتىدىن بىرەرنى ئې-لىشىمىز ئامالى بارمۇ، دەپ سوراپ تۇرۇۋاتسا. سەل ئۆز ئابرويىڭىزغا لايىقراق ئىش قىلىڭ-دە، جېنىم ئاتا.

غەنى: كەچ بولار- بولماي ھەممەڭ ئۆي-ئۆيىڭگە كىرىپ كېتىسەن، دۇكان كۆزەتچىسى-نىڭ ئىتىدەك ئۆزۈم يالغۇز قالىمەن.

رەھىمە: ۋاي، ئۆيگە كىرىپ يېتىڭ. بىرسى كىرمە، دەۋاتامدۇ؟ چايخانىغا چىقىڭ، كىنوغا بېرىڭ، كىنوخانا يېنىمىزدا. ھەر كۈنى ھىن-دىستان كىنولىرى بار.

غەنى: كىنو دەيدىغۇ. ئابدىم تاشلاپ كەت-كەندىن بېرى كىنو دېگەننى بىلمەيمەن.

قۇدرەت: ئەمدى قانداق قىلىمىز، ئاتا. ئانىسى ئۆلمىگەن كىم بار، ئاتىسى ئۆلمىگەن كىم بار. قانداق قىلىمىز.

غەنى: (چاچراپ ئورنىدىن قوپۇپ كېتىدۇ.) ۋاي، ۋاي، تېخى مۇنداقمۇ نىيىتىم بار دېگىنا؟ ئانامنىڭ كەينىدىن مېنىمۇ ئۇزاتماقچىمۇ سىلەر؟ ئۆلۈمىمنى تىلەپ ئولتۇرۇپسىلەر-دە. ياق-ياق مەن تېخى بۈگۈن- ئەتىمنىڭ ئىچىدە ئۆلمەيمەن. بۇ دۇنيادىن ئۈمىدىنى ئۈزگىنىم يوق. قىز ئېلىپ سەنلەرگە بىر كۆرسىتىپ قويىمەن.

قۇدرەت: ئاتىمىن چۈشۈڭ، ئاتا، بەكمۇ ئېگىزگە ئېسىلىۋالدىڭىز.

غەنى: ئۆيلىنەلمەيمەنمۇ، ھە، ئۆيلىنەلمەيمەنمۇ؟ مۇشۇ زەي، قاراڭغۇ ئۆيدە مەيدەمنى زەي يەرگە يېقىپ، مۇزدەك ياستۇقنى قۇچاقلاپ ئىڭراپ ياتىۋېرىمەنمۇ؟!

(قۇدرەت بىلەن رەھىمە بىر-بىرىگە مەنىلىك قارىشىدۇ.)

رەھىمە: ۋاي، توۋا! ئۆگەي ئانىلىق بولىدىغان ئوخشايمىز. ناتىۋان كۆڭلىگە قوتۇر تەگسە، دېگەندەك، بىر دانا. (تەنە قىلىپ) قانداقىنى تاپىمىز، ئوچىراقىدىنمۇ ياكى ئەنە كېتىمەن، مانا كېتىمەن، دەپلا تۇرىدىغان قاقباشنىمۇ؟ (قۇدرەت ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، تولا چىشىغا تەگمە دېگەندەك، بېقىنىنى چىمداپ قويىدۇ) كانايچى بىلەن سونايچىغا خەۋەر قىلىپ، ئۆچىرەت تۇتۇپ قويايلى. ئۇ بىر نېمىلەرنىڭمۇ چولىسى يوق.

(كوچىدىن ھازا ئېچىپ نازىمە كىرىدۇ. ھاسىراپ، تەرلەپ كەتكەن، چاچلىرى چۇۋۇلغان.)

نازىمە: ۋاي قانداق قىلاي! ئانامدىن ئايرىلىپ قالدىم. مېھرىبانىمدىن ئايرىلىپ قالدىم. شۇ ھويلىدا كۈسۈلدەپ دەسسەپ مېڭىپ يۈرسىڭىز بولماسمىدى؟ سۆلىتىم ئانام، دۆلىتىم ئانام. بىزنى تۇغۇپ چوڭ قىلغىچە چېچىنى سۈپۈرگە، قولىنى كۆسەي قىلغان ئانام. ۋاي قانداق قىلاي! يۈرەكتىكى دەردىمنى كىمگىمۇ ئېيتاي!

قۇدرەت: بولدى-بولدى، ئانىڭىنىڭ ئۆلگىنىگە 11 يىل بولغاندا، ئەمدى يىغلامسەن؟ ئۆلگەندە نەدە يۈرگەنتىڭ، ساناتورىيىدە دەم ئېلىۋاتاتتىڭ. تېلېگراممىمۇ بەرسەممۇ كەلمىگەنتىڭ. ئاران قىرقىغا ئۈلگۈرۈپ كەلگەنتىڭغۇ؟

نازىمە: ۋاي، ماڭا نېمىشقا زەردە قىلىسىز، جېنىم ئاكا؟ كاللام جايىدا ئەمەس ئىدى، تېخى، 17 كۈنلۈك دەم ئېلىشىم بار ئىدى.

غەنى: تازا يىغلا، ئاناڭ تىرىلىپ كېلىدۇ.

نازىمە: ئانامنى قايتىدىن ئۆلتۈردىڭلار، بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ گۆرىڭىزدە قانداق ياتىسىز، جېنىم ئانا. ئۆيىمىز لىمونغا تولغاندا، بىرەر تالمۇ يېمەي ئۆلۈپ كەتكەن ئانام.

(گۈل قايچىسى بىلەن ئۈزۈم تاللىرىنى چاتاۋاتقان جۆرىۋاي غەنىۋاينىڭ ھويلىسىغا قارايدۇ.)

جۆرە: تىنچلىقمۇ؟ نېمە ئىش بولدى؟ بىرەرسى يەنە لىمون ئۈزۈپتىمۇ؟

غەنى: بۇياقتىن ئايلىنىپ چىق، دەردىمنى سەن بىلىسەن. ئەللىك يىللىق تام قوشنام — قەدىردانىمسەن.

جۆرە: زادى نېمە ئىش بولدى؟ ھەي، قىزىم، سەن بىردەم جاۋۇلدىماي تۇرغىن.

قۇدرەت: ئاتام ئۆيلەنمەكچى.

رەھىمە: (خۇش بولۇپ) شۇنداق، سادىغاڭ كېتەي.

جۆرە: ۋاي. راستىنلىمۇ؟ ھەي، توۋا! ئۆيلىنىپ نېمە قىلىسەن؟ ساقېشىڭغا دەردىسە تېپىپ. تۆرىڭدىن گۆرۈڭ يېقىن تۇرسا، ئۆيلىنىپ نېمە قىلىسەن! خوتۇن خەقنىڭ تۇرغان - پۈتكىنى غەلۋە. (غەنىۋاينىڭ پوتىسىدىن تارتىپ سىلكىيدۇ.) ھە، بۇ ئەھۋالدا تويىڭنىڭ ئەتىسىلا ئۆلۈپ بېرىسەن. لىمونىنى تولا يەپ، لىمون گۈلىنىڭ ھىدىنى پۇراۋېرىپ سوغۇق ئېشىپ كېتىپتۇ.

www.uyghurkitap.com

غەنى: تولا ۋاقىلىما، ئاتام رەھمەتلىك تۆت قېتىم ئۆيلەنگەن. ئۈزۈمنىڭ غورىسىنى غاراس - غاراس چاينايتتى. ئۇرۇپ چامغۇرنىڭ سۈيىنى ئىچەتتى، خام ئانار يېمىسە ئۇخلىيالمايتتى. شۇنچىۋالا ئاچچىق - چۈچۈك نەرسىنى يەپ سوغى ئاشمىغان. تېخى سەكسەن بىر يېشىدا قوشكېزەك بالا تاپقان. سەن نېمە دەۋاتىسەن ، لىمون دەيدىغۇ، بۇ!

نازىمە: ۋاي قانداق قىلاي! ئالغان خوتۇنى قوشكېزەك تۇغۇپ ھويلا شۇنىڭغا قالدۇ. ئانامدىن قالغان مىراسقا ئىگە چىقىدۇ.

قۇدرەت: ئۇنىڭنى ئۆچەر. ئاناڭدىن نېمە قاپتۇ؟ بىر مىس لېگەن بىلەن تۆت ساپال تاۋاق قالغان. لازىم بولسا ئال!

بەھرى: (ئىشىكتىن كىرگىنىگە خېلى بولغان، سۆزلەرنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ.) تېخى شۇنداقمۇ؟ ئوتتۇز ئىككى نەۋرە كۆرگەن، يەتتە قۇدىسى بار ئادەمدىن شۇ ئىش چىقىپتىمۇ؟ ۋاي، قۇدىلىرىم ئالدىدا قانداق يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ يۈرىمەن؟ نەۋرە - چەۋرىلىرىمگە نېمە دەيمەن؟ يېقىندا قىز چىقىرىدىغان خوتۇنىمەن. قاملاشمىغان بوۋاينىڭ نەۋرىسى ئىكەن، دەپ ئەلچىلەر بوسۇغامدىن يېنىپ كېتىدۇ. ھەي، قۇدرەت، نېمە دەپ ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن؟ ئوغلۇڭنى قىچقار. ئەركەڭنى قىچقار!

قۇدرەت: ئۇنى نېمە قىلىسەن، ئاچا؟

بەھرى: ئۇنى قىچقار، قىچقار دېدىمغۇ قىچقار!

قۇدرەت: (ئۆيگە قاراپ) ھەي، ئەركىن! سۈرەتكە كېيىن ئىشلەرسەن، بۇياققا چىق.

(ئىچكىرىدىن بويىنىغا فوتو ئاپپارات ئاسقان، ساقىلى مەيدىسىگە چۈشكەن ئەركىن چىقىدۇ.)

بەھرى: مانا! مانا بۇ نەۋرىسى بولىدۇ. نەۋرىسىنىڭ ساقىلى مەيدىسىگە چۈشتى. نەۋرىسى ھاسىغا چۈشۈپ قالغان بوۋايغا قايسى ئىتتىرەك موماي تېگىدۇ. بۇ سۆز كىمدىن چىققان بولسا، ھارام موزاينىڭ گۆشىنى يەپتۇ.

رەھىمە: قويۇڭ، ئاچا، ئۆيلەنسە، ئۆيلىنىۋەرسۇن، كۆڭلى ئەمەسمۇ!

نازىمە: ۋاي قانداق قىلاي! ئاچام ئاتامدىن قۇتۇلالماي يۈرۈپتىكەن. بۇ سۆز ئۇنىڭدىن چىققانىكەن. بىر قاچا تاماق بېرىش، بىر كۆڭلىكىنى يۇيۇش تەس كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئاتامنى ئۆيلىمەكچى، قايسى كېلىن ئەر تەرەپكە ئەل بولغان!

بەھرى: ئەگەر ئاتام سىلەرگە ئېغىر كېلىۋاتقان بولسا، مەن ئېلىپ كېتىمەن. بىزنىڭكىدە تۇرىدۇ.

جۆرە: بەھرى، سېنى ياخشى بىلىمەن. ئېرىڭنىمۇ ئالقىنىمنىڭ سىزىقىدەك بىلىمەن. بىرىنچىدىن، غەنى بىر بۇيۇم ئەمەس، خالىغان كىشى ئېلىپ كېتىۋېرىدىغان. ئۆي كېرەك بولسا، رېسپۇبلىكىنىڭ قايسى بۇلۇڭىغا بارسا، پروفېسسورلار ئالالمىغان ئۆينى بېرىدۇ. نېمىشقا، بۇنداق لىمونچى تېخى يەتتە ئىقلىمدا پەيدا بولمىدى. بۇ گېپىڭ چەك باسمايدۇ. ئىككىنچىدىن، سەن ئۇنى بىكارغا ئېلىپ كەتمەيسەن، ساڭا ئۇنىڭ ئۆزىدىن كۆرە پېنسىيە پۇلى كېرەك، بىلدىڭمۇ!

بەھرى: ئاغزىڭىزدىن قاچانمۇ بىر تۈزۈكرەك سۆز چىققانىدى. ماۋۇ كېلىن بىلەن جۆربۇۋاي تاغىنىڭ تىلى بىر.

نازىمە: ئانامنىمۇ مۇشۇ كېلىن سىل قىلىپ ئۆلتۈرگەن.

قۇدرەت: گېپىم بار دەپ ئاغزىڭغا كەلگەننى سۆزلەۋېرەمسەن؟ تىلىڭنى تارت.

نازىمە: ئەگەر دادام ئۆيلىنىدىغان بولسا، خوتۇنىغا سىركە ئىچكۈزۈپ، پارالىش قىلىپ ئۆلتۈرىمەن. لىمونخانىغا ئوت قويۇپ، كۈلىنى كۆككە سورۇيمەن.

جۆرە: ئەمدى ماڭا! قاراڭلار. مۇنداق ۋاقلىغان بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ. دوپپىنى ئېلىپ قويۇپ سۆزلىشەيلى. مەن غەنىۋاي تەرەپتە تۇرۇپ سۆزلەي. سىلەر كۆپچىلىكسىلەر، مەن تەرەپكە ئىككى كىشى ئۆتسۇن، شۇ چاغدا ئىككى تەرەپ تەڭ ئاۋازغانگە بولىدۇ. قېنى، كىم ئۆتىدۇ؟ (نازىمە بىلەن بەھرى ھەممە ئادەمگە سىناش نەزەرى بىلەن قاراپ تۇرۇشىدۇ) ھەي كېلىن، سەن مەن تەرەپكە ئۆت، ھە، ئەركىنمۇ ئۆتسۇن.

بەھرى: ئۇ ياش بالىغۇ، نېمىنى بىلىدۇ.

جۆرە: ۋاي، ۋاي! ئاشۇ ياش بالىمۇ؟ ساقلىغا قاراڭلار. لېۋ. تولستويغا ئوخشايدۇ. ماقول دېسىڭىز، بۇ ئىشمۇ ھەل بولىدۇ. گەپ مۇنداق: مەن تەرەپتىكىلەر غەنىنى ئۆيلەش تەرەپدارى، سىلەر قارشى. كېلىشتۇقمۇ؟ قېنى، گەپنى قايسى تەرەپتىكىلەر باشلايدۇ.

نازىمە: مەن باشلايمەن. بىز قوشۇلمايمىز.

جۆرە: سەۋەبىنى ئېيت.

نازىمە: قوشۇلمايمىز، ۋەسسالام.

جۆرە: شۇمۇ گەپمۇ؟ ئاتاڭ ئاتمىش يەتتىگە كىردى، گىرالزدانلىق ھاۋاقۇقى ئۆزىدە، بالا - چاقىلىرىدىن خاتىرجەم. بىردىنى ئەركە بېرىپ، بىردىنى ئۆيلەپ، ئاتىلىق قەرزىدىن قۇتۇلغان. ئەمدى ئۆيلەنمەكچى بوپتۇ، ئىختىيارى ئۆزىدە. سەن قوشۇلامسەن، قوشۇلمامسەن، ئۆزۈڭنىڭ ئىشى.

نازىمە: ۋاي، ئاغا، ئويلاپ سۆزلەۋاتامسىز؟

بەھرى: ئەرھەق دېگەن شۇ. ئاكاتاڭ ئۆلگۈرمۇ ئەگەر مەن ئۆلۈپ تارتىپ قالسام، ئۆيياقتىن كۆرگە تىقىدۇ - دە، قەبرىستاندىن قايتىشتا سۇناي چالدۇرۇپ، بىرسىنى ئۆيگە ئېلىپ كېلىدۇ.

غەنى: كۆيئوغلۇمنى تولا يامان ئاتلىق قىلما، ئۇ راۋرۇس بالا.

بەھرى: يامانلاۋاتقىنىم يوق. سىز بىر ياخشى ئەر كىشىمۇ؟ رەھمەتلىك ئانامنىڭ روھىنى قورۇلدۇرۇۋاتىسىز.

قۇدرەت: بۇنداق ئۇششاق - چۈشەي سۆزلەرنى قويۇڭلار. گەپنىڭ ئۆزىگە كېلەيلى. ئاتام يېمەك - ئىچمەكتىن قىسىلمىدى، كىيىملىرى يۇيۇقسىز قالمىدى. ئەمما قېرىغاندا، بىر ھەمراھىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلىمەن. بىراق، ئاتمىش يەتتە ياشقا كىرگەندە ئۆيلەنسە، ئاڭلىغانلارغىمۇ سەت - تە.

جۆرە: قۇدرەتجان، سەنمۇ ئۆزۈمنىڭ بالىسىدەك. ئادەم قېرىغاندا يېتىم قالىدۇ. يېتىم قالغان ئادەمنىڭ ھەر خىل ئىشلىرى بولىدۇ. كېلىن يېشىندۇرۇپ قارىيالمىسا، قىزلار كېلىپ كۆرەلمىسە. سەنلەرمۇ بىر قارايسەن، ئىككى قارايسەن، ئۈچىنچىسى قېتىمدا بۇرۇنلىرىڭنى پۈرۈشتۈرسەن. ھەممىڭ ئۆز بالا - ۋاقىلىرىڭ بىلەن ئاۋارە بولسەن. مانا، ئۆتكەن ھەپتە ئاتاڭ كېسەل بولۇپ قالدى. ھەممىڭ ئىش بىلەن. (غەنىگە) نېمە يىگەنتىڭ، ھە، قۇلۇپىنىڭ يەپ، كەينىدىن خام سۇت ئىچكەنسەن. كېلىن يېنىغا كېلەلمىدى. يەنە مەن ئەسقاتتىم. ئۆزۈم يېشىدۇرۇپ، ئۆزۈم كىيىندۇردۇم. خوش، مۇشۇمۇ ئىنسابمۇ؟ مەن بولمىسام، بۇلغۇنۇپ ياتىۋېرەتتىمۇ؟ قېنى، بىرەرسىڭ ئېيتىپ باقە، يەنە شۇنداق بولسا، (نازىمەگە) سەن قارامسەن، (بەھرىگە) يا سەن قارامسەن؟ ماۋۇ كېلىنىڭمۇ زىنھار قارىمايدۇ. سىلەر ئىشنىڭ بۇ تەرىپىنىمۇ ئويلاپ كۆرۈڭلار.

نازىمە: (ئۆزۈن پايۇزىدىن كېيىن) بوپتۇ، مەن رازىمەن، ئەمما بىر شەرتىم بار.

جۆرە: قانداق شەرت، ئېيت!

نازىمە: ئەگەر خوتۇن ئالسا، بۇ ئۆيدە تۇرمىسۇن، بىناغا كۆچۈپ كەتسۇن.

جۆرە: ئۆز ئۆيىنى تاشلاپ كېتەمدۇ؟ ھازىر كولخوزدا ئارتۇق ئۆي يوق. ئاقىدىغان سۆزنى قىل. لىمو نىخانىنى تاشلاپ نەگە كېتىدۇ؟

بەھرى: ئۆيلىنىدىغان ئادەم تۇرىدىغان ئۆينى ئويلاپ ئىش قىلىشى كېرەك - تە.

جۆرە: ئۇنداق ئەخمىقانە گەپنى قويۇڭلار. ئۆزۈڭلارغا سەت. ئەگەر ئىچ كۆيئوغۇل بولۇپ كەتسە، چىدامسىلەر؟

نازىمە: ۋاي قانداق قىلاي، بىزنى تاشلاپ خوتۇنىنىڭكىگە كەتمەكچىمۇ؟! (چاۋاك چېلىپ دادلايدۇ.)

غەنى: بالام، ئاۋازىڭنى پەسلەت!

قۇدرەت: جۆرىۋاي ئاكا، بايىقى سۆزلىرىڭىزنى ئوبدان ئويلاپ باقتىم، ئەجەبمۇ ھېكمەتلىك گەپلەرنى قىلدىڭىز. مەن ئاتامنىڭ ئۆيلىنىشىگە رازىمەن.

رەھىمە: ئات قاياققا تارتسا، ھارۋىمۇ شۇ ياققا ماڭىدۇ. مەنمۇ رازى.

نازىمە: مەن ئۇ دۇنيا-بۇ دۇنيا رازى ئەمەس.

قۇدرەت: سەن رازى بولامسەن، بولمامسەن، ئۆزۈڭنىڭ ئىشى. سەن ئۇچ قېتىم ئەرگە تەگدىڭ، قېنى، سەن قايسىمىزدىن رازىلىق ئالغانتىڭ. كوچىغا چىقسام، ئەر كىشىلا ئۇچرىسا كۈيئوغلۇم شۇمىكىن دەپ ئېھتىياتتىن سالام بېرىپ ئۆتىمەن.

جۆرە: بالام، ئېشەك مىنىپ پۇتىنىڭ ئۇچىنى كۆرگەندىن، تۆگە مىنىپ يىراقنى كۆرگەن ياخشى، دېگەن گەپ بار.

نازىمە: قاچان ئېشەك مىنىدىم؟! ئاغزىڭىزغا بېقىپ سۆزلەڭ، تاغا.

جۆرە: سېنى ئېشەك مىنىدى دەۋاتقىنىم يوق، بالام. بۇ بىر تەمسىل.

نازىمە: قۇرۇپ كەتسۇن مۇنداق تەمسىل، شۇنداقمۇ قوپال تەمسىل بولامدۇ.

قۇدرەت: چۈشەنمەي تۇرۇپ گەپكە قوشۇق سالما. تەمسىلنىڭ تېگىدە بىر ھېكمەت بول-غانلىقى ئۈچۈن سۆزگە قىستۇرۇۋاتىدۇ. سۆزلەڭ جۆرىۋاي ئاكا.

جۆرە: سۆزىدىنمۇ ئازغىشىپ كەتتىم. نېمە دەۋاتاتتىم؟ (ئۆيلىنىدۇ) ھە، تاپتىم. يىراقنى ئويلاش كېرەك، بالام. ئاتاڭ كىچىك ئادەم ئەمەس. كىمسەن دېسە، غەنى لىمونچى! ئۇ يېتىشتۈرگەن لىمون سورتلىرى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا، قازاقىستاندا مەشھۇر. ھەتتا كاۋكازدىن ئادەم كېلىپ، كۆچەت ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ. غەنىۋاي بۈگۈن پەرغانىدا بولسا، ئەتە خارەزمدا. ئوبلاستمۇ ئوبلاست يۈرۈپ، لىمونچىلارغا كونسۇلتاتسىيە قىلىدۇ. كۆكسى ئوردېنغا تولغان. شۇنداق ئاتاڭلارنىڭ بارلىقىدىن خوش بولمامسىلەر. ئەنە شۇ ئادەمنىڭ يېنىدا ھالى - كۈنىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىدىغان، دۈمبىسىنى قاشلاپ قويىدىغان ئادىمى بولمىسا، ھەي، ھەي، بۇ بىچارە بوۋاي قانداقمۇ بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ. بۇ چاغقىچە ئاپلېسىن بىلەن ماندارىن چېتىشمىسى سىنىقىمۇ ئاللىقاچان تامام بولغان بولاتتى. بىرلا ئۆزۈڭلارنى ئويلىماڭلار - دە! رېسپوبلىكىنى، پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئويلاڭلار. ئاتاڭلار پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈن زۆرۈر ئادەم. چۈشەندىڭلارمۇ؟!

بەھرى: ئاپلېسىن بىلەن ماندارىننى ئۆيلەنمەي تۇرۇپمۇ چېتىشتۇرسا بولمامدىكەن!

نازىمە: ھە - ھە، ئاتام ئۆيلەنمىسە ئاپلېسىن دېگەن بىر نېمە چېتىشمامدۇ؟

جۆرە: سەن ئۆزۈمنىڭ قىزى ئەمەس - تە، بولمىسا كاچىتىڭغا بىر تەستەك يەيتتىڭ.

قۇدرەت: توختاڭلار. جۆرىۋاي ئاكا، ئېيتقانلىرىڭىز كاتتا ئالىمنىڭ تەلىمىدەك ھېكمەتلىك گەپ بولدى. ئاتامنىڭ شارائىتىنى قانچىكى ياخشىلاپ بەرسەك، ئۇ شۇنچە ياخشى ئىجاد قىلىدۇ. ھەي، بەھرى، ھەي، نازىمە، سەنلەرنى بۇ ئەتراپتا كىم پالانچىنىڭ

www.uyghurkitap.com

خوتۇنى دەيدۇ؟ ياق، دېمەيدۇ. ھازىرغىچە غەنى لىمۇنچىنىڭ قىزى، دەيدۇ. لىمۇننى يىگەندىن كېيىن، لىمۇنچىنىمۇ ھۆرمەت قىل. ئاتا، قىزلىرىڭىز ئاغزىغا كەلگەننى دەۋېرىدۇ. ئۆزۈم ئەلچى بولۇپ سىزنى ئۆيلەيمەن.

رەھىمە: بۇ ئائىلىدىن بىر ئاقىل چىققاننىكەن - دە.

جۆرە: ئەمدى مۇنداق قىلايلى. كۆيئوغۇل بىلەن ئۆيگە كىرەيلى. سىلەر مەسلىھەتلىشىپ، نەدە غەنىگە لايىق كېلىن بارلىقىنى بىلىپ، رويخەت تۈزۈڭلار. بولامدۇ؟يا غەنىۋاي كۆز سېلىپ قويغىنىڭ بارمۇ؟

غەنى: (تارتىنىپ) كۆز سېلىپ قويغىنىمغۇ يوق، ئەمما ئابدۇمەجىتنىڭ ئانىسىنىمۇ رويخەتكە كىرگۈزۈپ قويۇڭلار.

نازىمە: ۋاي قانداق قىلاي! مەن قەتئىي رازى ئەمەس. ئانام رەھمەتلىك ئۆلگەندىن ئەنسىرەيتتى. ئانام ھايات چېغىدىمۇ ئاتام شۇ زۇمرەت موماي بىلەن كۆز بېقىشىپ يۈرەتتى. ئاڭلىغانمەن. تۇگمەن كەينىدە، سائەتنىڭ نەچچە بولغانلىقى، دەپ بىلىكىدىن تۇتۇۋالغىنىنى ئادەملەر نەچچە قېتىم كۆرگەن. يېشى ئەللىك بەشكە كىرىپ قالغان بۇ موماي ھېلىمۇ چاچ سالىدۇ. دۇكاندا سومكىسىدىن پۇل ئالغاندا بىر قەغەز يەرگە چۈشۈپ كەتكەنمىش، ئېلىپ قاراشسا، ئاتامنىڭ ژۇرنالغا چىققان رەڭلىك سۈرىتىمىش، شەرمەندە بولۇپ تىكىۋەتكەنمىش. مودا بولدى دەپ، بىلىكىگە ئەرلەر سائىتىنى تاقاپ يۈرىدۇ. مەن زادى رازى ئەمەس.

غەنى: ئاغزىمغا كەلدى دەپ سۆزلەۋەرمە. دامىسكى سائەتنىڭ سىفىرى كىچىك، كۆزى ئىلغا قىلالمايدۇ، ئېنىق كۆرۈنىدۇ، دەپ شۇنداق يوغان سائەت تاقايدۇ. چۈشەندىڭمۇ؟

نازىمە: بەلكى سائەتنىمۇ ئۆزىڭىز ئېلىپ بەرگەندىرسىز.

جۆرە: ئۇ بولمىسا ئاگرونومنىڭ ئانىسىنى كۆرۈپ بېقىڭلار.

بەھرى: ۋاي، بىچارە، ئاتام شۇنى ئالامدۇ؟ ئۇ مومايدا شەرمى ھايا بارمۇ. ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنمەن. ھەر كۈنى تاڭ ئېتىشى بىلەن يېزا كوچىسىدا مايكىچان يېرىم سائەت يۈگۈرىدۇ. ھە، دېسە ئەتىگەنلىك چېنىقىش دەيدۇ. شۇنداق قىلسا، قان بېسىمى ئۆرلىمەمىش. قېرىماسمىش.

ئەركىن: قالتىس موماي.

قۇدرەت: سەن ئارىلاشما، ماڭ، ئۆيگە كىر.

نازىمە: ساراڭنىڭ بىر قىلىقى ئارتۇق، دېگەندەك، بازارغا ۋېلىسىپىتمىنىپ بېرىشلىرىچۇ. ۋاي قوۋۇرغام.

بەھرى: نەۋرىسىنىڭ تويىدا بېلىگە ياغلىق باغلاپ ھىندىچە ئۇسسۇل ئوينىغان.

رەھىمە: يېنىدا ئېرى يوق، ئۆزىنى شۇنداق قىلىپ بەزلەيدۇ-دە. ئەرگە تەگسە بۇ قىلىقلىرى قالىدۇ. ئايدەك كېلىن بولىدۇ. ياش چېغىدا بەكمۇ چىرايلىق ئىكەنمىش. مەسچىت كونىرىسىمۇ، مېھرابى قالار، دېگەندەك، ھېلىمۇ يۈزىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدۇ.

جۆرە: ھە، چىرايلىقلىقى چىرايلىق ئىدى، ئېرى ئاشىق بولۇپ قېلىپ، چۈستدېگەن يەرنىڭ ئالماس دېگەن پەرىلەر يېزىسىدىن ئېلىپ قېچىپ كەلگەن. ئاكىلىرى ئۆلتۈرىمەن دەپ يېزىمىزدا ئىككى ئاي پىچاق كۆتۈرۈپ يۈرۈشكەن.

نازىمە: چىرايلىقلىقى قۇرۇسۇن. مىڭ چىرايلىق بولغىنى بىلەن بەرىبىر تاماكا چېكىدۇ.

رەھىمە: بابا ئېيتتىمغۇ، يېنىدا ئېرى يوق، دەپ. خۇمارىنى بېسىش ئۈچۈن تاماكا چەككەن بولسا، چەككەندۇ. ئەرگە تەگسە، دەرھال خۇمارى بېسىلىدۇ، تاماكا چېكىشتىن قالىدۇ.

ئەركىن: بىر دوستۇمنىڭ مومىسى بار، قالتىس موماي.

قۇدرەت: چوڭلارنىڭ ئالدىدا نېمە گەپكە قوشۇق سېلىپ يۈرۈيسەن؟ ماڭ ئۆيگە كىر.

جۆرە: ھەيدىمەي تۇر بالىنى. قېنى ئېيتچۇ، ئەركىنئاي فايسى دوستۇڭنىڭ مومىسىنى دەۋاتىسەن؟

ئەركىن: مەن بىلەن ئىشلەيدىغان سۇرەتچى دوستۇم بار، ئىسمى ئاركادىي.

نازىمە: ئورۇسمۇ؟

ئەركىن: ياق، ئىسمى ئارۇپ. بىز ئۇنى يېڭىچە قىلىپ ئاركادىي دەيمىز. مومىسى بەك چىرايلىق. قىشتا مۇزنى تېشىپ سۇغا چۆمۈلىدۇ.

بەھرى: ھەي، ئاۋۇ قۇمرى موماينى دەۋاتامسەن ئۇقىپقىزدىل سارائغۇ. قىشتا سايغا بارسا يالىڭاچ بولۇۋېلىپ، مۇزنى تېشىپ، سۇغا چۈشۈۋاتقىنىنى كۆردۇم، كىشى.

قۇدرەت: قىشتا سۇغا چۈشۈشنىڭ تەن سالامەتلىككە پايدىسى كۆپتە. قىشتا چۆمۈلىدىغانلارنى مورژ دەيدۇ.

نازىمە: ۋايجان. مورژ شىمالىي قۇتۇپتا ياشايدىغان ھايۋانغۇ. ھايۋاناتلار باغچىسىدا كۆرگەنمەن.

جۆرە: نېرى-بېرىسىنى قويۇپ تۇرۇپ روبىخەتكە يېزىپ قويۇۋېرىڭلارچۇ. روبىخەتكە ئېلىنغانلاردىن بىرەرسى لايىق كېلىپ قالار.

قۇدرەت: رايون باشلىقىنىڭ ئانىسىنىمۇ يېزىپ قويۇڭلار.

رەھىمە: سودا سارىيى مۇدىرىنىڭ ئانىسىمۇ راۋرۇس خوتۇن.

نازىمە: چىشى راست ئۆزىنىڭ چىشىمۇ ياكى سالغان چىشىمۇ؟

قۇدرەت: ساڭا بەرىبىرغۇ؟ ياكى چىشى ئۆزىنىڭ راست چىشى بولسا، تاماقنى جىق يەيدىكەن، دەپ ئەنسىرەۋاتامسەن؟

نازىمە: بولمايدۇ. كۆرگەنلەرنىڭ ئېيتىشىچە، سۇغا چۈشكەندە بەدىنىگە سوپۇن سۈرسە مازغاپ چىقماسىمىش.

رەھىمە: شۇنىمۇ كېيىم بار دەپ قىلامسەن؟ مازغاپ چىقمىسا چىقماس. ئەركە تەگسە مازغاپ چىقمىغىنىنى كۆرەي.

جۆرە: ئېسىڭلارغا كەچكەننى يېزىۋېرىڭلار، بىر باشتىن ئەلچىلىككە بارىۋېرىسىلەر.

نازىمە، ۋاي، مېنىڭ دادامغا كىملەر تەگمەيدۇ. نەدىكى پەلە-پەتىش بىر ئېسىلەرگە بارىۋەمەڭلار.

قۇدرەت: سىڭلىم، دادىمىز بەرىبىر ھەممىسىنى ئالمايدۇ، بىرىنى ئالىدۇ. ئەمما، لېكىن تاللاپ ئېلىپ بېرىمىز.

نازىمە: تېخى تويمۇ قىلىمىزما؟

جۆرە: ئەلۋەتتە. توي بولمىغاندىكىن، تويچە قىلىپ بېرىسىلەردە.

بەھرى: كاناي چالىمىزمۇ؟

جۆرە: كاناي چالدۇرساق قامبلاشماس! سۇناي چالدۇرساقلا بولارمىكىن.

غەنى: ھېچنەرسە چالدۇرمايمىز.

نازىمە: ئەلۋەتتە چالدۇرمايمىزدە. يا قىزدىل شەلپەر باغلانغان، ئالدىغا قورچاق قويۇلغان «چايكا» ماشىنىدا يېزىنى ئايلاندۇرماقچىمىسىزلەر؟

غەنى: مېنى مەسخىرە قىلما، بالام.

نازىمە: ئانامنىڭ قولى تەگكەنلىكى نەرسىنى بۇ ئۆيدە قالدۇرمايمەن. ئەگلەكنىمۇ، ساماۋارنىمۇ، چۆيۈن دەرمالنىمۇ ئېلىپ كېتىمەن.

قۇدرەت: ئۆينى قۇپقۇرۇق قىلىپ قويغىنىڭ يەتمەمدۇ؟ ھەر كەلگىنىڭدە بىرەر نەرسىنى ئېلىپ كېتىسەن. يىلتىڭغا ئانامنىڭ قولى تەگكەن. دەپ نەسىللىك ئىنىكىمىزنىمۇ يېتىلەپ ئېلىپ كەتتىڭ. نۇمۇس قىلمامسەن؟

نازىمە: نېمىشقا نومۇس قىلىدىكەنمەن؟ كېلىن ئاچام ئانامنىڭ قەدرىگە يەتمىگەنتى، ئانامنى قەدىرلىمىگەن يەردە ئۇنىڭ ئىنىكىنى قەدىرلەمتى.

غەنى: ئېلىپ كەت. ئانائىدىن نېمە قالغان بولسا، ھەممىسىنى ئال. ئاناڭنىڭ قولى تەگكەن تاملارنىمۇ يۆتكەپ كەت، پەقەت ماڭا چېقىلما، تىنچ قوي.

بەھرى: مانا كۆردىڭىزمۇ، تېخى خوتۇن

www.uyghurkitap.com

ئالماي تۇرۇپ بىزنى ھەيدەۋاتىدۇ. كېلىنىنى كەلگەندە كۆر، تويانىڭنى يايغانىدا كۆر. كۆرەرمىز!

رەھىمە: سۆزۈمنى تەتۈر چۈشەنمەڭلار، كېلىن ئاچام دادامدىن قاچان قۇتۇلىمەن، دەپ پەيت كۈتۈپ ئولتۇرغانىكەن، دەپ ئەسلا ئويلىماڭلار. مەن ئاتامدىن ھېچقاچان تىرناقچىلىك يامانلىق كۆرمىگەنمەن. ئۆز قىزىدەك كۆردى. رەھىمەتلىك قېيىن ئانامۇ پەرىشتىدەك خوتۇن ئىدى. ئەمدى قانداق قىلىمىز. ئاتىمىزغىمۇ جاپا بولۇپ قالدى. بىر ھەمراھ كېرەك، ئەلۋەتتە. ئەگەر بولىدۇ، دېسەڭلار بىر موماي بار، پېچىش - تىكىشكە چېۋەر، تاماققا ئۇستىلىقىنى دېمەمسىز، تېخى! ئۆزى تولىمۇ پاكىزە. سوپۇنغا چىدىسىڭىزلارلا بولىدۇ. ئۇ ياققا ئۆتسىمۇ، بۇ ياققا ئۆتسىمۇ كۆزىگە سوپۇن كۆرۈنسە بولدى. ھەر قانداق ئىشنى تاشلاپ، قولىنى يۇيىدۇ. بىر كۈندە يۈز قېتىم سوپۇن كۆرسە، يۈز قېتىم قولىنى يۇيىدۇ. چەينەك - سىركايە ئۇياقتا تۇرسۇن، قازاننىمۇ ئەتىر سوپۇندا يۇيىدۇ. مۇڭداشقاق خوتۇن. بىر سۆزلەشكەن ئادەم يەنە سۆزلەشسەم دەيدۇ.

نازىمە: ئاپلا، تازا ماختىۋەتتىڭىزغۇ.

رەھىمە: تېخى ماختىغىنىم يوق. سىلەرنى ئىشەنمەيدۇ، دەپ بىر مۇنچە ياخشى ئىشلىرىنى ئېيتقىنىم يوق. ئەگەر بۇ خوتۇن ماختايدىغان يازغۇچىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا، ھەي - ھەي، نېمىلەرنى دېمەيدۇ. سىلەرگە يالغان، ماڭا راست. ئىنەك ساققاندا ئېرىنىڭ ھارىقىغا پاختىدا تەككۈزۈپ، يېلىنىنى ئېرىتىدۇ.

ئەركىن: سۈتنى ئىچكەنلەر مەست بولىدىكەن-دە.

نازىمە: ئىنەكنىڭ يېلىنىغا دەزمال سالىدۇ، دېمىدىڭىز، ياخشى.

رەھىمە: مانا، مانا ئىشەنمەيسىلەر-دە.

نازىمە: ھە، جەمىلە ئاچىمۇ؟ بېشىنى يەيدىغان. ئۇ دادامنىڭ كونا ئوبېكتى. بولمايدۇ. ئەتىر چاچمىسا، ئۇيقۇسى كەلمەيدۇ. بېشىدىن ئەتىر قۇيامدىكىن، كوچىدىن ئۆتسە، ئۈچ كۈنگىچە كوچىدىن ئەتىر ھىدى كەتمەيدۇ. دۇكانغا كەلگەن ئەتىرلەرنى ساتماي ئۆزى ئالىدۇ. بولمايدۇ.

رەھىمە: بولمىسا ساتىراش ئارۇپ سېرىقنىڭ قېيىن ئانىسىنى ئېلىپ بېرەيلى.

قۇدرەت: قايسى ئارۇپ سېرىق؟ چۈشەندۈرۈپراق ئېيت. كىم ئىكەن. گەپنى سوزماي، دېمەمسەن.

رەھىمە: ئۇچكۆۋرۈكتە ئارۇپ سېرىق دەيدىغان بىر ساتىراش بارغۇ، شۇنىڭ قېيىن ئانىسى. يېقىندا ئۆيىدە چوڭ جاڭجال چىقىپتۇ. بېشىڭنى يېگۈر سېرىق تايىنى يوق نەرسىلەردىن جاتاق چىقىرىپ، بىچارە ماماينى قىيناۋاتىدۇ. موماي بىچارىنىڭ شۇ قىزىدىن باشقا بالىسى يوق. بارىدىغان يېرى يوق. ھويلا - قورۇسىنى سېتىپ، پۇلىنى كۈيئوغلىنىڭ قولىغا تۇتقۇزغان. ئاشۇ كۈنى ئاپتېكىنىڭ قېشىدا كۆرگەنىدىم، ئۇ بىچارە ماڭا قار - يامغۇر يىغلاپ ئىچىنى بوشاتتى. لايىقىدا ئەر چىقسا تەگكىنىم مىڭ ياخشى ئىدى، دېدى بىچارە. مېنىڭچە، ئۇنىمۇ رويخەتكە كىرگۈزۈپ قويۇش كېرەك.

جۆرە: تازا غەنىگە لايىق موماي ئىكەن. خوش، ئۆزۈڭ نېمە دەيسەن، ئاغىنە؟

غەنى: بولىدۇ، شۇنىڭغا بېرىڭلار.

نازىمە: ھېچكىم بارمىسۇن، رويخەتتىكىلەرنى ئاۋۋال مەھەللىسىدىن، قۇدا - پۇدىلىرىدىن ئۆزۈم سۈرۈشتە قىلىمەن. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن ئەلچىلىككە بارسىلەر.

قۇدرەت: سەن ئارىلاشقان ئىش بۇزۇلماي قالمايدۇ. جىم تۇر.

بەھرى: كېلىن ئاغىچا بىلەن ئىككىمىز بارىمىز. نازىمە سەن باشقا ئىش قىل.

نازىمە: ھە، يارامدۇ؟ بولىدىغاننى بولىدىغانچە، بولمايدىغىنىنى بولمايدىغانچە قىلىدىغان مەن. قېنى مېنى ئارىلاشتۇرماي بىر قەدەم بېسىپ كۆرۈڭلارچۇ. ئىشەنگەن تاغىدا كىيىك ياتماس دەپ مۇشۇنى ئېيتىدىكەن-دە، ئەگەر دادام خوتۇن ئالسا، بوغۇزلايمەن، دېگەن كىم ئىدى؟

بەھرى: سىڭلىم، ئاچچىقىدا كىم نېمە دېمەيدۇ. جۆرە ئاكامنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىدىڭمۇ. دادام قۇلۇپنىڭ يەپ، كەينىدىن خام سۈت ئىچىپ، كېسەل بولۇپ قالغاندا، ئۇنىڭ ھاجىتىگە سەن يارىدىڭمۇ، مەن يارىدىممۇ؟! بۇ تەرىپىنىمۇ ئويلاش كېرەك. ئەگەر سۆزنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتسام، تۇ ئىشنى قىلساق ئانىمىز رەھمەتلىك تىنچ ياتاتتى، دادامنىڭ خاتىرجەمسىزلىكى ئانىمىزنىڭ روھىنى بىئارام قىلىدۇ، بىلدىڭمۇ؟

جۆرە: بەھرى، ئۆزۈڭ ئايال بولساڭمۇ، ئەمما ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلدىڭ. دېمەك، ئارۇپ سېرىقنىڭ قېيىن ئانىسى، شۇنداقمۇ؟ بولىدۇ. نەرسە - كېرەكلەرنى تەييارلاڭلار. بولدى، ئەمدى مەن ئۆيگە چىقاي، باللارنىڭ ئانىسى ئىزدەپ قالمىسۇن.

نازىمە: ئالدىرماڭ، ئاكا. ئەلچىلىككە بېرىشنى بىر ئىككى كۈن كېچىكتۈرۈپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. (ئۆزىچە پىچىرلاپ) مەن تىرىك ئىكەنمەن، بۇ ئۆيگە خوتۇن خەق ئاياغ باسالمايدۇ.

جۆرە: يەنە قانداق گەپ تاپتىڭ؟

نازىمە: موماي-بۇ دۇنياغا مېھمان دېگەن گەپ، بۈگۈن بار، ئەتە يوق، پىشىپ تەييار بولۇپ قالغان قوغۇندەك. پىشقان قوغۇن ساپىقىدا تۇراتتىمۇ؟ سۈرۈشتە قىلماي ئېلىپ بەرسەك، ئۈچ كۈن ئۆتمەي ئۆلۈپ بەرسە كۆرۈڭ. ئۈچ كۈنلۈك ئامانەت ئانا دەپ بىر يىل قارا كىيىپ يۈرۈمەمىزمۇ؟ ئوبدانىراق ئويلىشىش كېرەك.

غەنى: (تاقىتى تاق بولۇپ) زادى نېمە قىل دەيسەن، جېنىم بالام.

نازىمە: بايىقى رويخەتنى ماڭا بېرىڭلار. ئۇلارنىڭ ئارخىپىنى ئېلىپ كۆرۈپ چىقىمەن. ئۆلىدىغىنىنى ئۆلىدىغان، قالىدىغىنىنى قالىدىغان قىلىپ ئايرىيمەن. مانا شۇنداق قىلىپ، جېنى چىڭراقىنى تاللايمىز.

قۇدرەت: ئەقلىڭگە قايىلمەن!

غەنى: ھەي... ئەقلى قۇرۇسۇن.

(مەخسۇم ئازراق مەست ھالدا كىرىدۇ.)

مەخسۇم: سالام.

رەھىمە: نومۇس قىلىڭ، مەستمۇ، سىز؟ ئۇنداق ئادىتىڭىز يوق ئىدىغۇ، كۈيئوغۇل تۆرە.

مەخسۇم: تويدىن كېلىۋاتىمەن، كېلىن ئاغىچا.

نازىمە: قانداق توي؟ ئەتىگەندە قايسى كۆردە توي بارىكەن؟

مەخسۇم: ئېپى - جېپىدە بولغان توي، مەخپىي توي. ئارۇپ سېرىقنىڭ قېيىن ئانىسىنى ئەركە بېرىپ كېلىۋاتىمىز. ئەل ئويغانماستا تويىنى قىلىپ، بىر كىنو مېخايىنىڭگە ئۇزاتتۇق. كېلىننى ئۇزىتىپ، ئارۇپ ئاكا ئىككىمىز كېلىن بىلەن كۈيئوغۇلنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن بىر - ئىككى رومكا ئىچىپ ساپتۇق.

بەھرى: قايسى مومايىنى دەۋاتىسىز؟

مەخسۇم: ئۆزۈڭ چۈشەندۈر، خوتۇن. كېلىن ئاغىچىنىڭ مەھەللىسىدىن-دە، ئۆزىڭىز چۈشەندۈرۈڭ، كېلىن. (رەھىمەگە قارايدۇ) تىلىم قولاشمايۋاتىدۇ.

رەھىمە: ھايا مەن ئېيتقان ئاراپ سېرىق-
نىڭ قېيىن ئانىسى ئەرگە تېگىپ
كېتىپتۇدە.

(ھەممە بىر - بىرىگە ھەيران بولۇپ
قارىشىدۇ.)

غەنى: شۇ خوتۇننى خۇدا ماڭىا نېسىپ
قىلماپتىكەن، چاققانلار ئېلىپ كېتىپتۇ!

(غەنى ھۆل كىيىملەر سېلىنغان داسنى
كۆتۈرۈپ، كوچىغا قاراپ ماڭىدۇ.)

نازىمە: ھە، نەگە؟ (خۇش بولۇپ) كۈيە-
ئوغۇل تۆرە؟

غەنى: ئاپتوبۇس بېكىتىگە. ئاشۇ يەردە
كىرىيۇيىمەن. ھالىمنى پۈتۈن يېزا، پۈتۈن
رايون، پۈتۈن ئوبلاست بىلسۇن.

ئەركىن: (تەنە قىلىپ) كوچىدا كىر
يۇغىنىڭىزنى چەت ئەل رادىئوسىدىمۇ
سۆزلەپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ ئىشىڭىز —
تولپتىن خاتا.

قۇدرەت: چوڭلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشما،
دەپ نەچچە قېتىم ئېيتقانىمەن. (ئاتىسىنىڭ
كەينىدىن) ھەي، ئاتا، بىزنى رەسۋا
قىلماڭ. ھەي ئاتا...

(سۆزى ئاغزىدا قالىدۇ، غەنى كوچىغا
چىقىپ كېتىدۇ. ھەممە جىم. پەقەت
نازىمەلا خۇشال.)

(پەردە چۈشىدۇ.)

## ئىككىنچى پەردە

(يەنە شۇ ھويلا، باغقا كىرىدىغان
ئىشىكتىن لىمۇنخانىنىڭ ئىچكى تەرىپى
كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. شېخىنى كۆتۈرەلمىگەن
لىمۇنلار كۆزگە چېلىقىدۇ. رەھىمە ھويلا
سۈپۈرىدۇ. بالخانا ئۆي ئىچىدىن ئەركىننىڭ
بېشى كۆرۈنىدۇ. ئۇ نېمىنىدۇ ئىزدەيدۇ،
ئىشىكتىن بەھرى كىرىدۇ.)

بەھرى: ياخشى تۇرۇۋاتامسىز، كېلىن
ئاغىچا. (ئۇ ئۇياق - بۇياققا قاراپ)
ئاتام كۆرۈنمەيدىغۇ؟

رەھىمە: (بەھرى بىلەن كۆرۈشىدۇ.)
ساتراشخانىغا كىرىمەن، مۇنچىغا چۈشىمەن،
دەپ لۆڭگە كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتكەن.

ئەركىن: (بالخانا ئۆي ئىشىكىدىن
بېشىنى چىقىرىپ) ئانا، ئانا، ماۋۇ نېمە؟
(ھويلىغا بىر باغلام قەغەزنى تاشلايدۇ.)

رەھىمە: (قەغەز باغلاملىرىنىڭ چې-
گىنى قېقىپ ئېچىشقا باشلايدۇ.)
ئەسكى - تۈسكى قەغەزلەرغۇ.

بەھرى: ھويلىنىڭ يەر خەتلىرىدۇ.
(ئۇمۇ قەغەزلەرنى ئاختۇرۇپ) قۇدرەتنىڭ
فرونتتىن يازغان خەتلىرى ئەمەسمۇ؟

رەھىمە: ئۇكىڭىزنىڭ خەتلىرى ئۈچ
پۈكلەنگەن بولاتتى، ھەممىسىنى رەت - رەت
قىلىپ باغلاپ ساندۇققا سېلىپ قويغانىمەن.
بۇ باشقا خەتلەر ئوخشايدۇ.

بەھرى: (بىر خەتنى قولىغا ئېلىپ) ۋاي،
ئۆلەي. لاتىنچە يېزىلغانغۇ، قاراڭە، سىز
كونىچە ئوقۇغان ئىدىڭىز، تونارسىز. (قەغەز
ئارىسىدىن بىر سۈرەت يەرگە چۈشىدۇ.
ئالدىراپ ئۇنى ئالىدۇ ۋە تىكىلىپ قالىدۇ.)
ۋاي، تۇۋا! ماۋۇ ئاتاملارغۇ!

رەھىمە: (ئۇمۇ سۈرەتكە قارايدۇ.) ۋاي،
راست. ناھايىتى ياش ۋاقىتلىرى ئىكەن.
يېنىدىكى كىم بولىدۇ؟ ئايدەك نېمىكەن،
قاشلىرى بەرگى قىياقتەك، كۆزلىرى
بۇلاقتەك، بۇرۇنلىرى چىمداپ قويغاندەك.
قارىڭا، ئىككىسى سۈرەتكە باشلىرىنى
تەككۈزۈپ چۈشۈشكەنىكەن.

بەھرى: ئاۋۇ زۇمرەت مومايغۇ.
ھۇ، بېشىنى يەيدىغان.

www.uyghurkitap.com

بەھرى: شۇ، راست شۇ. دەل شۇنىڭ ئۆزى. ۋاي ئۆلگۈرەي، ياش چېغىدا بەكمۇ چىرايلىق ئىكەن - دە.

رەھىمە: ھېلىمۇ چىرايلىق. قاش - كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدۇ. بۇ سۈرەتنىڭ تارتىلغىنىغا ئاز دېگەندە 50 يىل بولغاندۇ.

بەھرى: توغرا. 50 يىلدىن كەم ئەمەس.

رەھىمە: ئاتىمىزياش چېغىدا نوچىكەن - دە.

بەھرى: ئاتام ھېلىمۇ بوش كەلمەيدۇ. مومايلارنى كۆرسە ئاغزىدىن شۆلگىيى ئاقىدۇ.

ئەركىن: (پەسكە چۈشۈپ، كىيىمىدىكى چاڭنى قاقىدۇ) ئانا، نېمە قەغەزلەر ئىكەن؟

رەھىمە: لازىمى يوق، كېرەكسىز قەغەزلەر...

ئەركىن: ماڭا بېرىڭ، ئوچاققا سېلىپ كۆيدۈرۈۋېتىمەن.

رەھىمە: ياق، ئۇنداق قىلما. بەلكى كېرەك بولۇپ قالار.

بەھرى: ماڭ! سەن ئارىلاشما. ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆيىنى قاراڭغۇ قىلىپ، تۈنۈگۈن تارتقان سۈرەتلىرىڭنى يۇيغىن.

ئەركىن: ئالدىرىماڭ، لېنتام قۇرۇسۇن، تازا قىزىق سۈرەتلەر تارتتىم. يېزا ئۇياقتا تۇرسۇن، پۈتۈن رايوننى ئايلىنىپ، ھەممە مومايلارنىڭ سۈرىتىنى تارتىپ كەلدىم، ھەممىسى ياخشى چىقتى!

(ئەركىن ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ.)

رەھىمە: قېنى، خەتنى ئوقۇپ كۆرەيلىچۇ.

(ئوقۇيدۇ.)

«ۋاپادار يارىم غەنىۋاي ئاكا! بولغان كېچىسى ئايغا قاراپ سىزنى ئويلىدىم. كۆز ئالدىمغا ئالپامىشتەك قامىتىڭىز كەلدى. زېبىنىڭ تويىغا كوپئوغۇل بىلەن يىگىتلەر كەلگەندە سىز سۇنايچىنىڭ كەينىدە ئىكەنسىز. تامدىن قاراپ تۇرغانىدىم. ئۆزۈم تىكىپ كەيدۈرگەن دوپپىنى بېشىڭىزدا كۆرۈپ، يۈرەكلىرىم دۈكۈلدەپ ئۇرۇپ كەتتى.

بېلىڭىزدىكى ياغلىققا غەزەل يازغانىدىم، ئوقۇپ كۆردىڭىزمۇ، يارىم؟ بولغان ئەتىكەن ئاكام بىر سۆز كۆتۈرۈپ كەلدى. سىز «تولكمەنچى، بېشىدىكى ئەكرەم ئېكەچىنىڭ قىزى ئابىدەگە ئۆيلەنگىدەكمىشسىز. شۇ سۆزنى ئاڭلاپ، كۆزلىرىمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. ئاخىر، ئاڭلىغانلىرىم راست بولسا! كولخوز بېغىدا، ئاي تۆپىمىزگە كەلگەندە يىغلاپ تۇرۇپ نېمە دېگەنىدىڭىز؟ نېمە دېگەنىدىڭىز بىۋاپايىم! داداڭ ئۇنىمسا، نېرىقى يېزىغا قېچىپ كېتىمىز، سەندىن باشقىنى ئالسام، ئىسمىمنى يۆتكىۋېتىمەن، دېمىگەنمىدىڭىز؟

بىلىپ قويۇڭ، تويىڭىز بولغان كۈنى كوچىنىڭ ئۇ بېشىدىن سۇناي چېلىپ سىز كېلىسىز، بۇ بېشىدىن تاۋۇتتا مەن كېلىمەن...

ئۆزۈمنى ئېسىۋالمىسام، شاھمەردان پىرىم ئۇرسۇن. ئۇشبۇ مەكتۇبنى كۆز ياشلىرىم، جىگەر قانلىرىم بىلەن يازدىم. بەختسىز يارىڭىز زۇمرەت، دەپ بىلگەيسىز.

1938 - يىل، ماي ئېيىنىڭ ئونتوققۇزى- چارشەنبە كۈنى»

بەھرى: ۋاي - بۇ! ئاشىقلىق مانا مۇنداق بولىدىكەن.

رەھىمە: ئاتام تازىمۇ بىۋاپالىق قىلغانىكەن. بىچارە قان يىغلاپ قالغانىكەن.

بەھرى: ھە - ھە... كەينىگە قاراڭ، يەنە نېمىلەر يېزىلغان.

رەھىمە: (قەغەزنىڭ كەينىدىكى خەتنى ئوقۇيدۇ)

«ئەگەر ئاشۇ ئەكرەم كېكەچىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىدىغان بولسىڭىز، توي كۈنى ھويلىڭىزدىكى بېھىنىڭ شېخىغا ئۆزۈمنى ئېسىۋالىمەن. بىلىپ قويۇڭ، خەت تاشلاپ كېتىمەن. ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا نېمە سەۋەب بولغانلىقىنى يېزىپ قالدۇرىمەن. يۇرتقا ئۆزىڭىز جاۋاب بېرىسىز.

بۇ ئالەمدىن كۆزۈم يۇمسام،
فەننىڭ دەستىدىن دەگلار...»

بەھرى: ۋاي، غەزەلگە ئاتامنىڭ ئىسمىنىمۇ كىرگۈزۈپتۇ ...

رەھىمە: كۆيۈك دەردى - دە، بىچارە. ۋاي، راست مۇنداق بىر گەپ بولغانىكەن: زۇمرەت ئاچا ياش چېغىدا بىر يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، ئۆزىنى سىرتماقا ئېسىۋالغان، دېيىشكەنىدى.

بەھرى: شۇنداق گەپلەرمۇ بولغاندىكىمۇ قىلىدۇ.

رەھىمە: چوپچوڭ خوتۇن نېمىشقا مەرۋايىت ئاسىدۇ، دېسەم، ھە، ئەمدى بىلدىم، بوينىدىكى ئارغامچا ئىزىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلىدىكەن - دە.

بەھرى: ئۆرە ياقا كۆڭلەك كىيىشىمۇ بىكار ئەمەسكەن - دە.

رەھىمە: زۇمرەت ئاچا ھېلىمۇ سوقۇردەك.

بەھرى: پىگوردىسىمۇ ساقلانغان، غازدەك ماگىدۇ، چىرايىدا بىرمۇ قورۇق يوق.

رەھىمە: تېرىسىنى تارتقۇزىدۇ، سادىغاڭ كېتەي، تارتقۇزىدۇ.

بەھرى: قويسىگىزچۇ، ياق، ياق، قاملاشمىغان گەپ. بىر ئارتىسكىنى بىلىمەن. ئۇ، تېرىسىنى تارتقۇزغاندا بىر كۆزى قۇلىقىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغان. سىڭىلىمكى ئاشۇ سوزۇلغان كۆزى ئۈستىدە ئېسىلىپ تۇرىدۇ. ياق - ياق، زۇمرەت ئاچا تېرىسىنى تارتقۇزمىغان ئەسلىدە كېلىشكەن خوتۇن. زادى ئۆزگەرمەيدۇ. قىزلىرىنى بىلمىسىزغۇ، ئەجەبمۇ چىرايلىق. ھەسەل ئۆزگەرمەس، سېرىق ماي سېسىماس، دەپ شۇنى ئېيتىشىدۇ - دە. قېنى، باشقا خەتلەرنىمۇ بىر ئاختۇرۇپ باقايلىچۇ. (قەغەز دورامىلىرىنى ئاختۇرۇپ، بىر سۈرەتنى ئالىدۇ.) ۋاي، ئۆلەي، بۇ قانداق بولغىنى؟ يەنە بىرسى بىلەن سۈرەتكە چۈشكەنىكەن.

رەھىمە: (سۈرەتنى ئالىدۇ، تىكىلىپ قارايدۇ.) ھۇ، بېشىنى يەيدىغان. بۇ ھېلىقى ئاگرونومنىڭ ئانىسى رەھبەر ئاچىغۇ. (كەينىدىكى خەتنى ئوقۇيدۇ) «ئۇشبۇ سۈرەت تېرمىز شەھىرىدە، 1939 - يىلنىڭ ئىيۇلىدا سۈرەتچى ئاشات كاراپېتيان تەرىپىدىن تارتىلغان.»

بەھرى: ئاتام ئۆيلەنگەندىن كېيىنمۇ تىنچ يۈرمەپتىكەن - دە.

رەھىمە: ۋاي، سىز بىلمەيسىز. ئاتام ئاشۇ رەھبەر ئاچا بىلەن قېچىپ كەتكەندە، تاغىسى ئايروپىلاندا بېرىپ، بەش كۈندە ئاران تېپىپ ئېلىپ كەلگەن. كەلگەندىن كېيىن تاشكەنتتىكى چوڭ دوختۇرلارغا كۆرسەتكەنىكەن. بۇ كاساپەت سۈرەتكە شۇ چاغدا چۈشكەنىكەن - دە.

بەھرى: ئانام بىچارىنىمۇ كۆپ كۆيدۈرگەنىكەن.

رەھىمە: نېمىسىنى ئېيتىسىز. (يەنە قەغەزلەرنى ئاختۇرۇشىدۇ.)

بەھرى: قانداق خەتلەر ئىكەن؟

رەھىمە: بۇ تەرىپىدىكى خەتلەرنىڭ ھەممىسى زۇمرەت ئاچىنىڭكى. پەقەت بىرى رەھبەر ئاچىنىڭ. (خەتنى ئىچىدە پىچىرلاپ ئوقۇيدۇ) تېرمىزدىن ياندۇرۇپ كەلگەندە، ئۆيدە قانداق گەپ - سۆزلەر بولغانلىقىنى يېزىپتۇ. ئاكىسىنىڭ ئۇرغىنى، ئاتىسىنىڭ كەمگە سولاپ قويغىنى، ئانىسىنىڭ تۆگۈلۈكتىن نان تاشلاپ بەرگىنى، غەنجان دەپ دادلانغىنىنى — ھەممىسىنى يېزىپتۇ.

بەھرى: تۇۋا! ئەرلەرنىڭ سەت - چىرايلىقى بولمايدىكەن — دە. ئاتامنىڭ نەرىگە ئاشىق بولغان بولغىيتتى، ئاتامنىڭ تۇرغان - پۈتكىنى شىداق - قاق سۆڭەك تۇرسا.

رەھىمە: ئۇنداق دېمەڭ. ئاتامنىڭ كۆزىدە سېھىر بار، خوتۇن كىشى بىر قارىسىلا ئوق

تەگكەن كەپتەردەك پوك - پوك يىقىلىدۇ. بەكرەك تىكىلسە، خوتۇن خەقلا بولسا، يىلان دەم تارتقان توشقاندەك تەمتىرەپ قالىدۇ.

بەھرى: ئەمدى بولدى. خەتلەرنى كەچتە ئەمەس قىلىمىز. نازىمەخان قېيىن سىڭلىڭىز كېلىپ قالسا، ھەممە خەتلەرنى تارتىۋېلىپ، دادامنى شەرمەندە، شەرمىسار قىلىدۇ. (ئىچكىرىدىكە قاراپ)ھەي، ئەركىن بۇياققا چىق!

ئەركىن: (ئىچكىرىدىن) بىردەم سەۋر قىلىڭ، ھازىر چىقىمەن.

رەھىمە: بىر ئىش ئېسىمگە كەلدى. بىلەمسىز، ئاتام بالىلارنىڭ قولچىرىغىنى كۆتۈرۈپ ئۆگزىدىكە چىقىپ كېتىپ سائەتلەپ يوق بولۇپ كېتەتتى. ئۆگزىدە نېمە قىلىسىز، ئاتا، دېسەم، ئۆيگە تامچا ئۆتۈۋاتىدۇ، شۇ يەرنى سۇۋاۋاتىمەن، دەيتتى. ۋاي ئاتا، شۇنداق ئىسسىقتىمۇ تامچا ئۆتەمدۇ، دېسەم، تولا مەمەدانلىق قىلما، دەيتتى. ئەمدى بىلدىم، قولچىراغنىڭ نۇرىدا خەتلەرنى ئوقۇيدىكەن - دە. ئۆگزىدىن كۆزلىرى، قاپاقلىرى ئىششىپ، خۇرسىنىپ چۈشەتتى.

بەھرى: ياشلىقتا بەرگەن كۆڭۈل، ئايرىلماس بالا بولۇر، سادىغالىكېتەي، كونا مۇھەببەتنىڭ يارىسىنى يىغلاپ چۈشىدىكەن - دە.

ئەركىن: (چىقىدۇ.) نېمە دەيسىز، ئانا؟

رەھىمە: بۇياققا كەل، بالام. ماۋۇ سۈرەتلەرنى ئاپپاراتىڭدا قايتا تارتىپ، چوڭايتىپ بەر. بۈگۈنلا تەييار قىلىسەن، بولامدۇ؟

ئەركىن: (سۈرەتنى قولىغا ئالىدۇ.) كىمنىڭكەن؟ ۋاي، ئاتاملارغۇ، يېنىدىكى كىم؟ ئاناملارمۇ؟

بەھرى: كەپكە تولا قوشۇق سالماي، ئاناڭنىڭ ئېيتقىنىنى قىل. كەچكىچە تەييار بولسۇن.

ئەركىن: (ھېچنېمىنى چۈشەنمەي) خوپ، ماقۇل. سۈرەتلەر چوڭراق بولسۇنمۇ؟

رەھىمە: قانچە چوڭ بولسا، شۇنچە ياخشى.

ئەركىن: بولىدۇ، قاتۇرۇۋېتىمىز.

بەھرى: ئالدىرىما، بالا. دادامنىڭ سۈرەتلىرىدىنمۇ بەش - ئالتىسىنى چوڭايتىپ قوي، كېرەك بولىدۇ.

رەھىمە: ئوردېنلار بىلەن چۈشكەن سۈرەتلەردىن بولسا، تېخىمۇ ياخشى. (ئەركىن «خوپ، خوپ»، دەپ يەنە ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ.)

بەھرى: ئانام رەھمەتلىك تولىمۇ مۆمىن، قابىل خوتۇن ئىدى - دە، دادامنىڭ شۇنچە ئىشلىرىنى كەچۈرۈپ كەلگەن.

رەھىمە: سىز بىلمەيسىز، ئانام رەھمەتلىك دادامنىڭ جىمىكى كىيىملىرىدىكە مۇنچاق تاقاپ قويغانىدى، كىر يۇيغىنىمدا كۆرگەنىمەن. مۇنچاق دەمسىز، تۇمار دەمسىز، ھەممىسى بار. ھامىنى پايدىسى بولمىغان. ئاشۇ زۇمرەت ئاچا بىلەن ئۇچمە تېگىمدە سۆزلىشىپ تۇرغانىدا تۇتۇۋېلىپمۇ ئالغان.

(شۇ چاغدا نازىمە قولىدىكى ئېغىر بوغچىنى ئاران كۆتۈرۈپ كىرىپ كېلىدۇ.)

نازىمە: ياخشى ئولتۇرامسىلەر؟ نېمەگەپ بۇ، ھەممە ياق جىمجىت.

بەھرى: جىمجىت بولسا، مانا، سىز كەلدىڭىز. توپىلاڭ ئەمدى بولىدۇ.

نازىمە: ئاتام قېنى؟ — كۆيمۈغۇل كۆرۈنمەيدىغۇ؟

رەھىمە: (مەنىلىك قىلىپ) ساتىراشخانىغا بارىمەن، ئاندىن كېيىن مۇنچىغا چۈشىمەن، دەپ چىقىپ كەتكەن.

نازىمە: مۇنداق دەڭ ... مۇشۇ كۈندە ئاتامنىڭ ئايىغى سۇيۇلۇپ قالدى. تۇۋا!! قېرى ئادەم دىگىلداپ يۈرسە، ياراشمايدىكەن.

بەھرى: ئاتىڭىز قاچان جىم تۇرۇپ باققان، قاچانلا قارىسىڭىز سېركچىنىڭ ئېتىدەك چاپچىپ تۇرىدۇ.

نازىمە: كەچ قالدىم، دەپ يۈگۈرۈپ ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالدى. بۇ كىيىملەرنى خىمىيىلىك تازىلاشقا بەرگەنىدىم. قېنى ئاكام؟

بەھرى: كېلىپ قالار. ئىشتىن چۈشۈپ كېلىدۇ - دە.

نازىمە: ئەركىن سۈرەتلەرنى يۇيۇۋاتامدۇ؟ قاچان كۆرىدىكەنمىز؟

رەھىمە: ئانىلىق بولمەن، دەپ ئالدىراپ كېتىۋاتىسىز - دە، سىڭلىم. ھېلى كەلسە كۆرۈسىز، كۈلۈپ - تېلىقىپ قالىسىز. تولىمۇ ئالدىراپ كەتمەڭ، ئانىڭىزمۇ كېلەر، قىلىقىمۇ چىقار، ئارىغا سوغۇقچىلىقمۇ چۈشەر.

(شۇ چاغدا ئىشىك ئالدىدا ماشىنىنىڭ توختىغان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. بىردەمدىن كېيىن ئىشىكتىن قۇدرەت بىلەن مەخسۇم كىرىدۇ.)

مەخسۇم: كىنو باشلىنىمدىمۇ؟

نازىمە: قانداق كىنو؟

مەخسۇم: خوتۇن تاللاش كىنوسى. ئەركىنجان ئالغان قولبالا كىنو.

نازىمە: مۇنداق دەڭ؟

بەھرى: ئەركىننى چاقىرىڭلار، كەچ كىرىپ، قاراڭغۇ چۈشۈپ قالدى. تامغا پەردە-مەردىسىنى تارتسۇن. ئاتام كېلىشى بىلەن باشلايمىز. ئاتامدىن خەۋەر يوققۇ.

قۇدرەت: خوتۇنلار مۇنچىسى ئالدىدىكى ساتىراشخانىدا كۆرگەنىدەك قىلغانىتىم.

بەھرى: توۋا! خوتۇنلارنىڭ ھىدى كېلىدۇ، دەپ ئەتەي خوتۇنلار مۇنچىسى يېنىدىكى ساتىراشخانىغا بېرىپتۇ-دە، چاچ-ساقال ئالدۇرغىسى كەلسە، يېزىدا يەتتە ساتىراشخانا بار تۇرسا.

قۇدرەت: مۇنچىدىن يۇيۇنۇپ - تارىنىپ چىقىۋاتقان خوتۇنلارنى كۆرۈپ، ئازراق بولسىمۇ خۇمارى بېسىلىدۇ-دە.

مەخسۇم: ساتىراشخانىدىن چىقىپ، دۇكانغا كىرىپتۇ. ئىككى شام ئېلىپ، ئۆتۈكىنىڭ قونجىغا قىستۇرۇپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن گۈلچى ئاغىنىلىرىنىڭكىگە بېرىپ، بىر دەستە گۈل ئېلىپ قوشتۇت تەرەپكە كېتىۋاتقىنىنى ئادەملەر كۆرۈپتۇ.

نازىمە: ۋاي، ئۆلەي. ئاتام بىرەر يەر يۇتقۇر موماي بىلەن كېچىسى، خالىيراق، ئېلېكتىر يوق يەردە ئۇچرىشىدىكەن، شام يېقىپ قويۇپ سۆزلىشىدىكەن. گۈلنىمۇ ئاشۇ مومايغا ئالغان چېغى.

بەھرى: ئاشىق- مەشۇقلىقمۇ يولى بىلەن-دە. گۈل كۆتۈرۈپ سۆيدانىسىگە بېرىش ياشلارغا يارىشىدۇ.

رەھىمە: دادىڭىزنىڭ باشقىچە، ساداغاڭ كېتەي، گۈلنىڭ يېنىدا شاممۇ بار.

ئەركىن: (ئۆيدىن چىقىپ) ھە! قاراڭغۇ چۈشۈپتىغۇ. كىنونى باشلىساق بولىدىكەن.

(قايتىپ كىرىپ كېتىدۇ. بىردەمدىن كېيىن مۈرىسىدە ئاق خەسە پەردە، قولىدا كۆلەڭگە چۈشۈرۈش ئاپپاراتى بىلەن چىقىدۇ. ئاپپاراتنى ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ، چاتقۇچىنى پېشايۋاندىكى توك مەنبەسىگە تىقىدۇ. پەردىنى تامغا ئاسىدۇ.)

مانا بىز تەييار. ئۈچىنچى سىگنالدىن كېيىن كىنوخانىغا ئادەم كىرگۈزۈلمەيدۇ.

قۇدرەت: ئالدىرىما، بالا، ئاتام كەلسۇن. ئۇ بولمىسا، تاماشاڭ بىر تىيىن. ئاتام نەلەرگە كەتتى؟ قاراڭغۇ چۈشۈپ قالدىغۇ.

بەھرى: بىرەر تاشلاندۇق ئۆگمەندىمۇ، يىراق دالا شىپاڭىدىمۇ جانانلىرى بىلەن ئولتۇرغاندۇ.

www.uyghurkitap.com

نازىمە: ئۆلەمدۇ، قاراڭغۇ چۈشكىچە ئولتۇرمىسا؟

رەھىمە: ئەسلى مۇددىئاسى ـ قاراڭغۇ چۈشۈشقۇ. شام ياقمامدۇ.

نازىمە: (دىمىقىنى قاقىدۇ.) شاملىرى ئۆچۈن، تۇتاشماي.

بەھرى: ئۇنداق دېمە، سارالڭ. شامنى پانۇسقا قويۇپ، گۈل پۇراپ، پەيزى قىلىپ ئولتۇرۇشقاندۇ.

(شۇ چاغدا ئىشىكتىن غەنى كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىكە بىردەم قولاق سېلىپ تۇرىدۇ. كېيىن يۆتىلىدۇ. ھەممىسى ئۇنىڭغا ئۆرۈلۈپ قارىشىدۇ.)

مەخسۇم: نەلەردە يۈردىسىز، ئاتا؟

غەنى: بەكمۇ مېھرىبان بولۇپ كېتىپسىلەرغۇ؟ تىنەپ يۈردۈم.

نازىمە: نەلەردە يۈرگىنىڭىزنى بىلىمىز. سىزگە بۇنداق قىلىقلار ياراشمايدۇ، ئاتا.

غەنى: ئەيىب ئۆزۈمدە. كەنجەم دەپ ئەركىلەتتىم. ئاپپاق قىزىم دەپ ئەركىلەتتىم. نىمە دېسەڭ ئېلىپ بەردىم. تۆگىدەك بولۇپ قالغىنىڭدىمۇ تايلاقتەك قىلىپ ھاپاش قىلىپ يۈردۈم. ئەنە شۇنداق قىلىپ، بېشىمغا چىقىرىۋالدىم. تىلىڭ بەكمۇ ئۆتكۈر بولۇپ كەتتى. نە چوڭ دېمەيسەن، نە كىچىك. گۇناھ ئۆزۈمدە.

نازىمە: مەن تاغدىن گەپ قىلسام، ئاتام باغدىن سۆزلەيدىغۇ. بۇ گەپنىڭ ئۇ گەپكە نىمە ئالاقىسى بار. نەدە يۈرىسەن دېسەم، ئەركىلىتىپ بېشىمغا چىقىرىۋالغانمەن، دەيدۇ. نىمە، سىزگە بىر ئىش بولدىمۇ. بىرەر مىكىنجىن بېشىڭىزنى ئايلاندۇرۇپ سارالڭ قىلىپ قويدىمۇ. بولمىسا، چوپچوڭ ئادەم كۈپكۈندۈزى كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا شام يېقىپ، گۈل كۆتۈرۈپ يۈرەمدۇ؟

غەنى: ھە، گەپ بۇ يەردىكەن-دە. ئاغزىمغا كەلدى دەپ سۆزلەۋېرەمسەن! ساتىراشخانىغا كىرىپ، چېچىمنى ئالدۇردۇم. ئاندىن كېيىن مۇنچىغا چۈشتۈم.

نازىمە: (تەنە قىلىپ) خوتۇنلارنىڭ مۇنچىسىغا چۈشتىڭىزمۇ؟

غەنى: ھەي، قانداق ئادەم بولۇپ قالدىڭ ئۆزۈڭ. بۈگۈن مۇنچا ئەرلەر ئۈچۈن ئېچىلىدىغان كۈنغۇ، ئاخىر. سېنىڭ ئېرىڭ ئۆمرىدە مۇنچىغا چۈشمىگەن-دە. بىلمەيسەن. ئىسسىقتا ئېرىڭنىڭ يېنىغا بارغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن سېسىق تۇخۇم ھىدى كېلىدۇ.

(مەخسۇم ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، ياقىسىنى پۇرىماقچى بولىدۇ.)

نازىمە: ئېرىمگە تىل تەككۈزمەڭ. يىلدا بىر قېتىم سۇغا چۈشمىمۇ، تازا ئوبدان يۇيۇنىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە نىمىشقا گۈل كۆتۈرۈپ يۈرگىنىڭىزنى سۆزلەڭ. كۈپكۈندۈزى شام يېقىپ خالايىققا كۈلكە بولۇپ يۈرگىنىڭىزنى سۆزلەڭ.

غەنى: (ئەسەبىيلەشكەن ھالدا) ھەي، ئەقىلسىز. سەن نىمىنى بىلىسەن. مازاربېشىغا باردىم. ئاناڭنىڭ قەبرىسىگە شام ياقتىم، گۈل قويدۇم. ئابىدەم ئۈچ كۈندىن بېرى چۈشۈمگە كىرىپ، ئۇخلاتمايۋاتىدۇ. (ھەممىسى بىردىن جىم بولۇپ قېلىشىدۇ.)

رەھىمە: (بەھرىنىڭ قولىقىغا پىچىرلايدۇ.) ئاتام ئىنسابىغا كەلگەن ئوخشايدۇ... ئەلچىلىك بىكار بولدى-دە.

بەھرى: ئىلاھىم شۇنداق بولغاي. مازار بېشىغا بېرىپ، تۆۋا قىلغانغا ئوخشايدۇ.

غەنى: (ئۇلارنىڭ پىچىرلىشىۋاتقىنىدىن ئاچچىقلىنىپ) يەنە نىمىدەپ ئىڭۋا تۇقۇۋاتىسىلەر. مەن بېرىپ ئابىدەمدىن رازىلىق ئېلىپ كەلدىم. يالغۇز قالدىم، دېدىم. كېلىنلىرىڭ، كۈيئوغۇللىرىڭ، قىزلىرىڭ، ئوغۇللىرىڭنىڭ كۈلكىسىگە قالدىم، مېنى

ئادەم ئورنىدا كۆرۈلۈشمەي قالدى، دېدىم. بوفون ئۆيدە بىر ئۆزۈم ئەرۋاھتەك تەنها تاڭ ئاتقۇزۇۋاتىمەن. ئۆلۈپ قالسام بىر ھەپتىدىن كېيىن، سېسىپ كەتكىنىمدىن كېيىن بىلىنىدۇ، دېدىم. مېنى كەچۈر، ماڭا بىر ھەمراھ كېرەك بولۇپ قالدى، دېدىم. قېرىدىغاندا ئاغرىق-سىلىقىم بار، ئىسسىق-سوغۇقىم بار، دېدىم. مانا قىش كېلىۋاتىدۇ. مەشنىڭ ئوتىغا قاراپ ئولتۇرۇپ تاڭ ئاتقۇزۇش ئاسانمۇ؟ بۇ ئالەمدە قىشنىڭ تۈنىدەك ئۇزۇن كېچە بارمۇ، ئاخىر. ئۇياققا ماڭىمەن، بۇياققا ماڭىمەن. دېرىزە ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرىمەن. كوچىغا چىقاي دېسەم، سوغۇقتا نەگە بارىمەن. مەن بىلەن تەڭتۇش بوۋايلار مومىيىنىڭ قويىنىدا دۈمبىسىنى قاشلىتىپ يېتىپتۇ. قايسى كاۋاكقا سىغىمەن. مېنى ھېچقايسى دوستۇم مېھمانغا چاقىرماي قويدى. ھەممىسى مەندىن مومىيىنى قىزغىنىدۇ. تويلارغا بارغىنىمدا قايسى يەرگە ئولتۇرسام، دوستلىرىم مومىيىنى قولتۇقىدىن كۆتۈرۈپ، باشقا يەرگە بېرىپ ئولتۇرىدۇ. يېزىدا ھەربىيدىن قايتقانلار يېڭى يىلنى قارشى ئالغىلى پۇل يىغىشىپ، خوتۇنلىرى بىلەن كۇلۇبتا ئولتۇرۇش قىلىشتى، ماڭا خەۋەر قىلىشمىدى. نېمىشقا ئېيتمىدىڭلار، دېسەم خوتۇنى بارلارنى ئېيتتۇق، دېيىشتى. ئابىدە ئەمدى رازىلىق بەر، بىر بېشىمنى ئىككى قىلاي دېدىم... شۇنداق قىلىپ، ئانائىلارنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ كەلدىم. (ھەممە جىم، ھېچكىمدىن سادا چىقمايدۇ.)

بەھرى: جېنىم دادا، بۇنداقلىقىنى بىلمىگەنىكەنمىز. بىزنى كەچۈرۈڭ. ئۈچىمىز پۈتۈن، قورسىقىمىز توق بولسا بولدى، دەپ يۈرگەنىكەنمىز.

رەھىمە: كىشىنىڭ دەردىگە كىشى يەتمەس، دېگەندەك، بۇ تەرىپىنى ئويلىماپتىكەنمىز. سىزگە تازىمۇ قىيىن بولغانىكەن.

قۇدرەت: دادا، مېنى كەچۈرۈڭ. ئۆيلىنىشىڭىز ئاڭلىماققا بەك سەت سۆز. ئەمما... مەن بەك كۆپ ئويلىدىم. مۇنداق. ئادەملەر نېمە دەيدىكىن، دەپ كەپتىن قورقسا، بۇ يورۇق جاھاندا ياشىغىلى بولمايدۇ. ئادەملەر نېمە دەيدىكىن دەپ، نىكاھ خېتى ئېلىشقا بارماي، موللىغا نىكاھ ئوقۇتۇپ، توي قىلدۇق. مانا ياشلار نىكاھ خېتى ئېلىپ توي قىلىشىۋاتىدۇ، ھېچ كىم بىر نېمە دېگىنى يوق. ئادەملەر نېمە دەيدىكىن، دەپ كالباسا يېمەي يۈردۇق، مانا، يەۋاتىمىز، ھېچكىم بىر نېمە دەۋاتقىنى يوق. ئادەملەر نېمە دەيدىكىن، دەپ ئۆي سالغىنىمىزدا كوچا تەرەپكە دېرىزە قويمايتتۇق، مانا، قويدۇق، ھېچكىم كېچىسى كېلىپ ئەر-خوتۇن ياتقىنىمىزدا دېرىزىدىن مارىلىغىنى يوق. كوچىغا ئەر-خوتۇن چىققىنىمىزدا ئادەملەر نېمە دەيدىكىن، دەپ ئۆزىمىز ئالدىدا خوتۇنىمىز كەينىمىزدە يۈرەتتۇق، مانا، كۆپكۈندۈزدە پاتروشكىلاپ ماڭىمىز، ھېچكىم ھېچنېمە دېگىنى يوق. ئەمدى ئادەملەر نېمە دەيدىكىن، دەپ سىزنى ئۆيلەنگىلى قويماي يۈرۈپتىمىز. ئۆيلەيلى، ئادەملەر بىر كۈن سۆزلەيدۇ، ئىككى كۈن سۆزلەيدۇ، كۆرۈمسىزكى، ئۆگىنىپ قالىدۇ-ئاغزى بېسىقىدۇ. شۇنداق سۆزلەپ يۈرىدىغان بويتاق بوۋايلارنىڭ ئۆزلىرى ئۆيلىنىش كويىغا چۈشىدۇ. ئەرگە تەگمەيمەن، دەپ ناز قىلىپ يۈرگەن مومايلارمۇ مىدىرلاپ، تامدىن مارىلاپ، بوۋاي تاللايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

غەنى: ئەمما — لېكىن، قۇدرەت، سۆزنىڭ ئوغۇل بالىسىنى قىلدىڭ. ئوقۇغان ئادەم باشقىچە بولىدىكەن-دە، سېنىڭ ئاغزىڭدا ئىلىمنىڭ بار.

ئەركىن: مېنىڭمۇ ئۆزۈمگە يارىشا ئىشلىرىم بار. كىنو كۆرىدىغان بولساڭلار، باشلايلى،

بولمىسا، نەرسە - كېرەكلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ، باشقا ئىشىمنى قىلاي. باشلايمۇ؟

مەخسۇم: باشلا، بىر كۆرۈپ قويايلى.

ئەركىن: (ئامىدىكى ئاق پەردە يېنىغا كېلىپ) ئەزىز تاماشىبىنلار، بۈگۈن بىز سىلەرگە «يېزىمىز ۋەرايونىمىزنىڭ پەرىلىرى- دۆلەتمەن مومايلىرى» دېگەن فىلىمنى كۆر- سىتىمىز. سىلەر بۇ فىلىمدە كولخوزدىكى، ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى يىللىرىدا ئەرلىرى ئورنىغا ئىتىزغا چىقىپ كەتمەن چاپقان، پاختا تەرگەن پىداكار، ۋاپادار، ئاجايىپ پەرزەنتلەر ئۆستۈرگەن قەھرىمان، كولخوز ئىتىزىدا پىداكارانە ئەمگەك قىلىپ، پاختىدىن ئەڭ يۇقىرى هوسۇل ئالغان تەۋەرۈك پاختىكار، هەر قۇتا ئۇرۇقتىن بىر يۈز يىگىرمە بەش كىلودىن پىلە ئالغان پىلىچى، هەربىر ئىنەكتىن يىلىغا ئۈچ توننىدىن سۈت سېغىۋالغان، (ئولتۇرغانلارغا قاراپ) كۆپ سۈت ساغقانلار- نى نېمە دەيدۇ؟ سۈتكار دەمدۇ، ئىنەككار دەمدۇ؟

مەخسۇم: بەرىبىر، نېمە دېسەڭمىزمۇ بولۇۋېرىدۇ؟

ئەركىن: ئاجايىپ سۈت ساغقۇچى ئانىلىرى- مىزنى كۆرىسىز. ئۇلارنىڭ هەر بىرى ۋەتەن ئالدىدا، خەلق ئالدىدا قىلغان ئاجايىپ خىزمەتلىرى ئۈچۈن ئوردېن ھەمدە مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغانلار. بۇ ئاجايىپ، پاكىزە، بىمىننەت، مېھرىبان، ۋاپادار، بالىنجان...

نازىمە: گەپنى سوزما، كىنويىڭنى باشلا- ۋەرمەمسەن؟ نىمانچىۋالا ئەزمەڭنى ئېزىسەن.

ئەركىن: قائىدىسى شۇنداق - تە، ھاما. شۇنداق قىلىپ، مومايلار توغرىسىدىكى دىئا فىلمىمىزنى باشلايمىز.

مەخسۇم: نېمە دېدىڭ؟ مولتىفىلىم دېدىڭمۇ؟ مومايلار ئەمدى مولتىفىلىم بولدىمۇ؟

ئەركىن: مولتىفىلىم ئەمەس، دىئا فىلىم، دىئا فىلىمدا پەقەت سۈرەت كۆرۈلىدۇ هەم هەرىكەت قىلمايدۇ، هەم سۆزلىمەيدۇ.

قۇدرەت: مۇنداق دېمەمسەن.

(ئەركىن پەردىگە ئاق خالات كىيگەن، قولىدا ئىنەك سېغىش ئاپپاراتىنى تۇتقان مومايىنىڭ سۈرىتىنى چۈشۈرىدۇ.)

ئەركىن: بۇ داڭدار ئىنەك ساغقۇچى — خالىنىسا ئانا ئەركەيېۋا. بۇ تەۋەرۈك ئانى- مىز هەر بىر ئىنەكتىن يىلىغا 3000 لىتىر- دىن سۈت سېغىۋالىدۇ، تۇل، ئېرى 1956 - يىلى ۋاپات بولغان، ئىككى قىزى ياتلىق بولغان، ئوتتۇرانچى ئوغلى بىلەن بىللە تۇرىدۇ، كېلىنى بىلەن كېلىشەلمەيدۇ. ئامانەت كاسسىدا 7000 سوم پۇلى بار، ئوبلاست دەرىجىلىك پېنسىيە پۇلى ئالىدۇ. قانداق، بولامدۇ؟

(ھېچكىمدىن سادا چىقمايدۇ.)

نازىمە: بولمايدۇ. بۇ موماي ناس چېكىدۇ. باشقىسىنى كۆرسەت.

ئەركىن: مەيلى.

(ئېكرانغا توخۇلار ئارىسىدا بىر سېۋەت تۇخۇم كۆتۈرۈپ تۇرغان مومايىنىڭ سۈرىتىنى چۈشۈرىدۇ.)

ھەسەلخان ئاچا، مەشھۇر توخۇ باققۇچى، ئىككى مېدالى بار، خەلق ئىگىلىكى كۆرگەزمىسىنىڭ قاتناشچىسى، تۆت قىزى بار، ياتلىق بولغان، نەۋرىلىرى بار، يوغان بىر هويلىدا يالغۇز ئۆزى تۇرىدۇ، يېقىندا ئىنىكى توغقان، سۈتىنى بىكارغىلا يەسلىگە بېرىدۇ، ئېگىز پاشنىلىق تۇفلى كىيىدۇ، ياسىما چاچ سالىدۇ، قانداق، بولامدۇ؟

نازىمە: بولمايدۇ. چېچىدىن سۈزمە خالتىسى- نىڭ ھىدى كېلىدۇ.

رەھىمە: ئۇنى ئۇنداقچى، بۇنى بۇنداقچى دەۋەرمەڭ - دە، بېشىدىن سۈزمە خالتىسىنىڭ

هەدى كېلىشى چېچىنىسى قېتىقتا يۇغىنىدىن. ئەرگە تەگسە، هەر كۈنى سۇغاچۈشىدۇ، هەدى قالمايدۇ.

نازىمە: بولمايدۇ، بولمايدۇ. باشقىسىنى كۆرسەتسۇن.

ئەركىن: بولىدۇ، بولىدۇ دېدىمغۇ. تالاشماڭلار، ماۋۇ قۇتىدا تېخى موماي تولا. تاڭ ئاتقىچە كۆرىمەن، دېسىڭىزمۇ يېتىدۇ

(ئېكراندا دۇكان پوكىيى ئالدىدا تۇرغان سىكىلىكى بار بىر جۇۋاننىڭ سۈرىتىنى كۆرسىتىدۇ.)

رېسپوبلىكىدا خىزمەت كۆرسەتكەن سودا خادىمى جەملە ئاللاياروۋا، «ئەلاسودا خادىمى» مېدالى بار، يېشى ئەللىك توققۇزدا، ئانىسى ئۇيغۇر، ئاتىسى ناماڭگانلىق، بىر ئوغلى بار، ئىچ كۈيئوغۇل بولۇپ خوتۇنىنىڭكىگە كېتىپ قالغان، خوتۇنى هەر قېتىم تۇغقاندا بوۋاقنى ئېلىپ كېلىپ ئانىسىغا تاشلاپ كېتىدۇ. جەملە ئاچا شۇنداق بالىلاردىن يەتتىنى بېقىپ، چوڭ قىلغان. ئوغلى يىلدا بىر كېلىپ، جەملە ئاچىنىڭ تاپقان-تەرگىنىنى ماشىنىغا بېسىپ ئېلىپ كېتىدۇ. كېلىن بىلەن ئادا-جۇدا بولغان. ئۆزى بەك بالىجان خوتۇن. ئەركىن-ئازادە. قازانىمۇ، چىنە-قاچىنىمۇ ئەتىر سوپۇندا يۇيىدۇ. دۇكانغا كەلگەن فرانسىيە ئەتىرلىرىنى ساتماي، ئۆزى ئېلىپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆپ-كۆپ ئەتىر هىدى كېلىدۇ. رايون ساقچىسىنىڭ دادىسى ئالىمەن دېگەندە تەگمىگەن. قانداق، بولامدۇ؟

قۇدرەت: باشقىسىنى كۆرسەت. بۇ خوتۇن ياشلىقىدا... بولدى، هازىر بۇ گەپنى ئېيىتقىلى بولمايدۇ. ئەمما لېكىن پۇلى كۆپ. باشقىسىنى كۆرسەت.

ئەركىن: بولىدۇ دېدىمغۇ. ئۆزۈممۇ بولماس دەپ ئويلىغانىدىم. مانا، باشقىسىنى كۆرسىتىمەن.

(ئېكرانغا ۋېلىسىپىت مىنىپ كېتىۋاتقان ئاتمىش ياشلاردىكى خوتۇننىڭ سۈرىتى چۈشىدۇ.)

ئەنزىرەت ئاچا. هەممىڭلار تونۇيسىلەر. ۋېلىسىپىت مۇسابىقىسىدا خوتۇن-قىزلار ئارىسىدا 1-لىكنى ئېلىپ، چېمپىيون بولغان. هازىر ئايالار ئارىسىدا رېسپوبلىكا ۋېلىسىپىت مۇسابىقىسىغا تەييارلىق كۆرۈۋاتىدۇ. هەركۈنى كەچ سائەت ئالتىدىن كېيىن چوڭ تاش يولدا مەشق قىلىدۇ. ئېرى يوق، ئاجرىشىپ كەتكەن.

بەھرى: قوي، بۇنداقلار ئاتامغا بېغىر باسمايدۇ، ئىككى كۈندە تۈگەشتۈرىدۇ.

غەنى: ئالدىراپ پەشنى قاقماڭلار. ئويلاپ بېقىش كېرەك. هازىرچە رويخەتكە كىرگۈزۈپ قويۇڭلار. ئويلىشىپ كۆرىمىز.

نازىمە: ۋاي جاپاكەش. شۇنىڭغا كۆڭۈللىرى مايىلراق بولۇۋاتقانغا ئوخشايدۇ. هاي، ئاتا، ئويلاپ سۆزلەۋاتامسىز؟ ئەگەر ئۇنى ئالىدىغان بولسىڭىز، بۇ ئۆيلەرگە ئوت قويۇۋېتىمەن.

غەنى: نېمانچىۋالا ئالدىراڭغۇلۇق قىلىسەن. ئالىمەن دېگىنىم يوققۇ، رويخەتتە تۇرۇۋەتۇرسۇن، دېدىم، خالاس.

رەھىمە: هە، راست، شۇنداق دېدى. بوپتۇ. باشقىسىنى كۆرسەتكىن.

ئەركىن: بولىدۇ.

(ئېكرانغا سۇغا چۆمۈلۈش كىيىمىدىكى ئاتمىش ياشلاردىكى خوتۇننىڭ كۆل بويىدىكى سۆگەتكە يۆلىنىپ تۇرغان سۈرىتى چۈشۈرۈلىدۇ.)

بۇ هەدىمىزنى پۈتۈن يېزا، پۈتۈن رايون، هەتتا ئوبلاستىمۇ مورژ ئاچا دېيىشىدۇ. قومۇرىخان ئاچا غاچىلدىغان چىللە قىشتىمۇ كۆلنىڭ مۇزىنى تېشىپ چۆمۈلىدۇ. سوغۇق ئەدىگەن، نولاردىن مۇز ساڭگىلىغان، ئاسفالت يوللار ئەينەكتەك پارقىراق مۇز

www.uyghurkitap.com

تۇتقاندا، ئادەملەر جۇۋا كىيىپ يۈرگەندە، بۇ مورژ ئاچا ئۇستەڭدە سۇغا چۆمۈلىدۇ. بەزىدە مەھەللە ئىچىدىكى كۆلنىڭ مۇزىنى لوم بىلەن تېشىپ، ئىچىگە چۈشۈپ ئولتۇرىدۇ. يېشى ئاتمىشتا، ئىككى قىزى، بىر ئوغلى بار، نەۋرىلىرىمۇ ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇپ كەتكەن. چوڭ بىر ھويلىدا يالغۇز ئۆزى تۇرىدۇ. بىر ئىنەك، تۆت قوي، ئون ئالتە توخۇسى بار. سوتسىيال تەمىنات مىنىستىرلىكىدىن يىلىغا بىر قېتىم مەركىزدىي دەم ئېلىش ئورۇنلىرىغا يوللانما بېرىشىدۇ. قارا دېڭىز ھەمدە بالتىق دېڭىزلىرىدا چۆمۈلۈپ، بەدەنلىرىنى ئاپتاپتا قاقلاپ كېلىدۇ. «ئوگونيۇك» ژۇرنىلىنىڭ مۇقاۋىسىدا رەڭلىك سۈرىتى چىققان. ئەنە شۇنىڭدىن بېرى پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بوۋايلاردىن سۆيگۈ خەتلىرى كېلىپ تۇرىدۇ. ئوبلاست بويىچە قىشتا مۇزنى تېشىپ چۆمۈلىدىغان مورژ خوتۇنلار يىغىنىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. دۇتارنى پەيزى چالىدۇ. قوشاق ئېيتىشتا بۇ ھەدىگە تەڭ كېلەلەيدىغان قوشاقچى يوق. يىلدا بىر ـ ئىككى قېتىم رادىئودا بۇ ئاچىمىز ئېيتقان قوشاقلاردىن ئاڭلىتىپ تۇرىدۇ.

غەنى: ئۇنى يېزىپ قويۇڭلار.

بەھرى: ياقىماي، بېشىنى يېسۇن. سىزگە تېگەمدۇ. نى ـ نى قوش قەۋەت پوتا باغلىغان بوۋايلارغا تەگمىگەن تۇرسا، سىزگە تېگەمدۇ.

مەخسۇم: ھازىرچە يېزىپ قويۇۋېرىڭلار.

نازىمە: ۋاي، قويۇڭلارچۇ، قىشتا ئاتامنى سۇغا چۆمۈلدۈرۈپ ۋاسپالنىيە قىلىپ قويىدۇ.

قۇدرەت: ھە، ئۆگىنىپ قالىدۇ.

مەخسۇم: ياخشى بولىدۇ. ھەر كۈنى كەتتىكەن لۆڭگە كۆتۈرۈپ مۇنچىغا بېرىپ يۈرمەيدۇ. يېزىپ قوي رويخەتتىڭگە.

غەنى: ھەر كۈنى ئەمەس ـ تە...يېشىم بىر يەرگە بېرىپ قالغان.

نازىمە: نېمانچە خوتۇن تاللايسىلەر، ئاتامغا ئامىغا خوتۇن بولسا بولىدۇ ـ دە.

غەنى: ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە، ھەي، ئەقىلسىز.

رەھىمە: رويخەتكە ئالدۇق. ئەركىن، سادىغالىكېتەي. قالغانلىرىنى كۆرسەت.

ئەركىن: بولىدۇ، دېدىمغۇ، مانا.

(ئېكرانغا «موسكۋىچ» رولىدا ئولتۇرغان زۇمرەت مومايىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلىدۇ. كۆكسىدە قاتار ئوردېنلار. قېشىغا ئوسما قويغان. بويىنىدا قەۋەت ـ قەۋەت مەرۋايىت.)

بۇ، يېزىمىزنىڭ سابىق سەكسەن سېنتىنېرچى پاختىكارى، ئوبلاست سوۋېتىدە ئىككى قېتىم دېپوتات بولغان، ئىككى «ئەمگەك قىزىل تۇغى»، بىر «ھۆرمەت بەلگىسى» ئوردېنىغا ئېرىشكەن، خەلق ئىگىلىكى ئۇتۇقلىرى كۆرگەزمىسىنىڭ بىر ئالتۇن، ئىككى كۈمۈش مېداللىرىغا سازاۋەر بولغان، «موسكۋىچ» ماشىنىسى مۇكاپات ئالغان زۇمرەت ئاچا ھەمراقۇلوۋا.

نازىمە: ۋاي قانداق قىلاي ئانام رەھمەتلىك ئاتامنى شۇ خوتۇن بىلەن تۈگمەننىڭ كەينىدە تۇتۇۋالغان.

غەنى: ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە. لاتارىيە تەكشۈرۈۋاتقانىمىدۇق.

نازىمە: لاتارىيىنى تۈگمەن كەينىدە، قاراڭغۇ چۈشكەندە تەكشۈرەمدۇ؟

غەنى: تۈگمەن دېرىزىسىدىن يورۇق چۈشۈپ تۇراتتى.

قۇدرەت: ئۇن تۇزانلىرى خىرە قىلىۋەتكەن دېرىزىدىن يورۇق چۈشەمدۇ؟ چەك باسىدىغان سۆزنى قىلىسىزچۇ، ئاتا.

ئەركىن: قانداق قىلىسىلەر؟ رويخەتكە ئالامسىلەر ـ ئالمامسىلەر؟ باشقىسىنى كۆرسىتىۋېرەيمۇ؟

غەنى: ئالدىرىما، بۇنىمۇ رويخەتكە كىرگۈزۈپ قوي. ئەلۋەتتە كىرگۈز.

ئەركىن: بولىدۇ، بولىدۇ.

بەھرى: ئاتا، رويخەتتىكىمىز مومايلار بىلەن تولدىمۇ؟

غەنى: ھە، بىرى بولمىسا، بىرى بولۇپ قالار، دەيمەن - دە.

بەھرى: پۇختا ئادەمسىز - دە، ئاتا. ئەمما لېكىن زۇمرەت ئاچىنىڭ رەسىمىنى كۆرۈپ باشقىچە بولۇپ كەتتىڭىزمۇ؟

رەھىمە: زۇمرەت ئاچا شۇنچە ياشانسىمۇ، چىرايىدا بىرمۇ قورۇق يوق. يۈزىدىن قان تېمىپ تۇرىدۇ. يىگىرىسىمۇ بالىت ئارتىسلىرىدىن قېلىشمايدۇ. ماڭغاندا قەددىنى پۈكمەي، غازدەك ماڭىدۇ. سۆزلىگەندە چىرايىنى تۈرمەيدۇ، سىلىق سۆزلەيدۇ.

نازىمە: يىگىرىسىنىڭ قاملاشقانلىقىنى نەدىن بىلىسىز؟ يوق گەپ. ئېھتىمال، ئىچىدىن بىلىنى چىڭ باغلىۋالغاندۇ.

بەھرى: قويساڭچۇ، مۇنچىدا كۆرگەنمەن... باغلىمايدۇ.

نازىمە: بەربىر بولمايدۇ، بويىنىدا تاتۇقى بار.

رەھىمە: بۇ سۆزىڭىز توغرا. بويىنىدا تاتۇقى بارلىقى راست. بىچارە ياش ۋاقتىدا بىر يىگىتكە ئاشىق بولۇپ (غەنى تەرەپنى شەرەت قىلىپ)، شۇنىڭ ئىشقىدا ئۆزىنى ھويلىسىدىكى بېھىگە ئاسقانىكەن.

غەنى: ھاي، ھاي! كىمگە كىنايە قىلىۋاتىسەن؟ نېمىشقا مېنى شەرەت قىلىپ كۆرسىتىۋاتىسەن؟ بۇ سۆزلەر تۆھمەت.

رەھىمە: (ئۇنىڭ سۆزىگە پەرۋا قىلماي داۋام قىلىدۇ.) تاتۇقىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئۇ بىر تىزىق مەرۋايىت، تۆت تىزىق قەھرىۋا ئېسىپ يۈرىدۇ.

غەنى: بوپتۇ. ۋايساۋەرمەڭلار. يازە دېدىمۇ، يازا خوتۇن تاللايدىغان مەنمۇ يا سەنلەرمۇ؟ قېنى، يەنە بارمۇ؟

ئەركىن: بار، مانا.

(ئېكراندا ياپونچە زونتىك تۇتقان، چېچىنى يىگىچە ياسىغان، ئىككى قۇلىقىدا ئايھالقا، پەدەزلىرى جايىدا، بىر قولىدا مۇشۇك كۆتۈرگەن خوتۇن كۆرۈنىدۇ.)

بۇ - رەھبەر ئاچا، ئاگرونومىنىڭ ئانىسى، يىگىرمە يەتتە يىل يەسلىگە مۇدىر بولغان، رېسپۇبلىكىدا خىزمەت كۆرسەتكەن مەدەنىيەت خادىمى ئۇنۋانىغا ئىگە. مۇشۇ كۈنلەردە بالا - چاقىلىق بولغان ئاكىلىرىمىز، ئاچىلىرىمىز يەسلىدە شۇ ئانىمىزنىڭ قولىدا تەربىيىلەنگەن. ئۇنىڭغا ئاپتوبۇسلار بىكارغا، گاز بىكارغا. ھەر يىلى قوشۇمچە يەنە بىر ئايلىق پېنسىيە پۇلى ئالىدۇ. يىلىغا بىر قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خالىغان شەھىرىدىكى پويىزدا بىكارغا بېرىپ كېلىشكە ھوقۇقلۇق. ئاپتېكا دورىلىرى يېرىم باھا بىلەن بېرىلىدۇ. يىلىغا بىر قېتىم مەركىزدى دەم ئېلىش ئورۇنلىرىغا بىكارغا بارىدۇ.

مەخسۇم: تازىمۇ ئاتامغا باپ ئايال ئىكەن، يېزىپ قويۇڭلار.

بەھرى: (چىشىغا تېگىپ) تېرىمىز تەرەپكىمۇ پويىزدا بىكارغا بېرىپ كەلسە كېرەك؟

نازىمە: بۇ نېمە دېگىنىڭىز ئاچا؟ چۈشەنمىدۇق.

رەھىمە: ئاڭلىقانداقتۇ بىر يىگىت بىلەن 1939- يىلى تېرىمىزغا قېچىپ كەتكەنىكەن، دەپ ئاڭلىغانتۇق. ئاتا، بىلەمسىز، كىم بىلەن قاچقانىدى.

غەنى: (خىجالەتتە، سۆز تاپالماي) بىلمىدىم. خەۋىرىم يوق.

رەھىمە: (چىشىغا تېگىپ) شۇنداق دەڭ... خەۋەرلىرى يوق ئىكەن.

ئەركىن: بولدىمۇ؟ رويخەتتىكە ئالىمىزمۇ؟

بەھرى: رويخەتتىكە يازماڭلار. بولمايدۇ.

غەنى: يازمۇۋېرىڭلار!

نازىمە: ياق، باشقىسىنى كۆرسەت!

(بەھرى تۇرۇپ ئەركىننىڭ قۇلىقىغا نېمىنىدۇر پىچىرلايدۇ. ئەركىن: «بولدۇ» دەپ باش لىڭشىتىپ قويىدۇ.)

ئەركىن: ھۆرمەتلىك تاماشىبىن يولداشلار، ئەمدى ئۆۋەت - كونا سۈرەتلەرگە، مەرھەمەت.

(ئېكرانلاردا غەنى بىلەن زۇمرەت موماينىڭ ياش ۋاقتىدا بېشىنى بېشىغا يېقىپ چۈشكەن سۈرىتى كۆرۈنىدۇ.)

نازىمە: بۇلار كىم؟ بۇ ئىككىسى كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنۈۋاتىدۇ.

(ئۇلار سۆزلىشىۋاتقاندا غەنى ئاستا تۇرۇپ، قاچماقچى بولىدۇ. قۇدرەت چاپىنىنىڭ پېشىدىن تۇتۇپ ئولتۇرغۇزۇپ قويىدۇ.)

رەھىمە: تازا تونۇش ئادەملەرغۇ، قاش-كۆزلىرى كىمگىدۇ ئوخشاپ تۇرىدۇ.

مەخسۇم: ھە، ھە، ھە، ماۋۇ ئاتامغۇ! ھە، ئاتا، سىزغۇ؟

غەنى: ھە، ياق!

قۇدرەت: ماۋۇ زۇمرەت ئاچامغۇ!

غەنى: يوق گەپنى قىلما.

ئەركىن: ھۆرمەتلىك تاماشىبىن يولداشلار، بۇ سۈرەتكە ئازراق ئىزاھ بېرىشكە مەجبۇرمەن.

غەنى: توختا. ساڭا كىم قويۇپتۇ چوڭلارنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىشنى.

نازىمە: بوپتۇ، سۆزلىسۇن!

ئەركىن: كۆپچىلىك تاماشىبىنلارنىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن سۆزلەشكە مەجبۇرمەن. يولداشلار، بۇ سۈرەت غەنىۋاي ئەزىمۇۋ بىلەن زۇمرەت ھەمرا قۇلۇۋالارنىڭ ياش چاغلىرى. سۈرەت 1938- يىلى مەرغىلان شەھىرىدە مەردۇخانىۋ دېگەن سۈرەتچى تەرىپىدىن تارتىلغان.

نازىمە: ئەنە، شۇ چاغدا ئاتىۋۇقى يوق ئىكەن.

بەھرى: ئۆزىنى ئېسىۋالماستىن ئاۋۋال چۈشكەن سۈرەت ئىكەن-دە.

قۇدرەت: سوقسۇردەك يىگىت بولغانىكەنسىز-دە، ئاتا.

غەنى: بولدى، مېنى تولا مەسخىرە قىلمۇڭلار!

مەخسۇم: بولدى، باشقا سۈرىتىڭىز بولمىسا، دۇكىنىڭىزنى يېپىڭ.

ئەركىن: يەنە بىرسى قالدى، مانا.

(ئېكرانغا رەھبەر بىلەن فەنىسىنىڭ خۇددى ئاۋۋالقىسىدەك بېشىنى يېقىپ چۈشكەن سۈرىتى چۈشىدۇ.)

نازىمە: بۇ يەنە قانداق بولغىنى؟

ئەركىن: بۇ سۈرەت بوۋام بىلەن رەھبەر ئاچامنىڭ تېرمىزدا كاراپېتيان دېگەن سۈرەتچىگە تارتقۇزغان سۈرىتى.

(غەنى يەنە قېچىشنى مۆلچەرلەپ، ئېگىشىپ ئورنىدىن قوزغالغاندا، يەنە قۇدرەت پېشىدىن تۇتۇپ ئولتۇرغۇزۇۋالىدۇ.)

بەھرى: بۇ قانداق بولغىنى، ئاتا؟

غەنى: كونا ئىشنى كوچىلاپ نېمە قىلىشسەن. بۇ — 1939- يىلدىكى ئىش. بۇ ئازكەم 45 يىل بۇرۇنقى ئىش. ئەمدى، يىگىتلىك ئىكەن. ياشلىق—بەختياشلىق —تە.

بەھرى: يىگىتلىكمۇ قۇرۇپ كەتسۇن، شۇنداقلا بولسا.

ئەركىن: كىنو تامام. (پەردىلەرنى يىغىشتۇرۇشقا باشلايدۇ.)

رەھىمە: مانا، كېلىنلىككە نامزات موماي-لارنى كۆردۇق. ئۆلمە، ئەركىنجان. ئۇلارنىڭ تەرجىمىھالى قانداق، نېمىسى بار، نېمىسى يوق ھەممىسى ئېنىق بولدى. ئەمدى، روپىيەتكە كىرگۈزۈلگەنلەرنىڭكىگە ئارقىمۇ-ئارقا ئەل-چىلىككە بارىۋېرەيلى.

بەھرى: بارىمىز-دە. باشقا ئىلاجىمىز يوق. ئەمدى بىردىنبىر ئىشىمىز شۇ. دادىمىزنىڭ بىر بېشىنى ئىككى قىلىشىمىز كېرەك. ھەرىكەتنى ئەتىلا باشلايمىز.

نازىمە: ئىللا- بىللا مەنىسىز بارمايسىلەر، ئاتام ماڭا ياققاننى ئالىدۇ.

غەنى: توۋا. نېمىشقا ساڭا ياققىنىنى ئالىدىكەنمەن. ئۆزۈمگە ياققىنىنى ئالىمەن.

قۇدرەت: (ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇياقتىن-بۇياققا ماڭىدۇ) ئاتا، كاللامغا بىر ئەقىل كەلدى. ئەلچىلىككە مېڭىپ يۈرسەك، ئانام رەھمەتلىكنىڭ روھى ئازابلىنىدۇ. تەگتۇش

خوتۇنلارنى يىغىپ بىر داستىخان سالايلى. ئۈگۈنلۈككە ئانام ئەللىك سەككىزگە كىرىدۇ، تۇغۇلغان كۈنى بولىدۇ. رويخەتكە كىرگەن خوتۇنلارنى شۇ كۈنگە چاقىرايلى. ئەلچى بولۇپ، نەرسە- كېرەك كۆتۈرۈپ يۈرگەندىن كۆرە، شۇ يەردە، ئۆيىمىزدە ئۇلارنى گەپكە سېلىپ كۆرۈپ، بولىدىغىنىنى كۆندۈرەيلى. بولمايدىغانلىرى مېھمان بولۇپ كېتىۋېرىدۇ. خوش، نېمە دەيسىلەر؟

بەھرى: قۇدرەت ئاكامنىڭ سۆزىنىڭ جېنى بار. ئادەملەرگە كۈلكە بولغاندىن كۆرە بۇ ئىش بولىدىغاندەك قىلىدۇ.

مەخسۇم: قېيىن ئانىمىز رەھمەتلىكنىڭ روھىمۇ خۇش بولىدۇ. ئۆزىڭىز نېمە دەيسىز، ئاتا؟

غەنى: سىلەر نېمە دېسەڭلەر شۇ!

( شۇ چاغدا تام ئارقىسىدىن جۆرىۋاينىڭ بېشى كۆرۈنىدۇ.)

جۆرە: نېمىدەپ ۋاقلاپ ئولتۇرۇسىلەر؟ رادىئونى قويمامسىلەر؟

قۇدرەت: نېمە ئىش، تىنچلىقمۇ؟

جۆرە: (رادىئونى تامنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، كونۇپكىسىنى ئاچىدۇ.) ئاڭلاپ بېقىڭلار.

«... ئەمدى سۆزنى كولخوزىمىزنىڭ رەئىسى زېبىنىسا مەھكەمۇۋاغا بېرىمىز. مەرھەمەت، زېبىنىسا ئاچا.»

زېبىنىسا: بۈگۈنكى كۈن-كولخوزىمىز ئەزالىرى ئۈچۈن ئۇنتۇلماس كۈن. نېمىشقا دېگەندە، پېشقەدەم باغۋىنىمىز، مېۋىشۇناس غەنى بابا ئەزىمەتوۋ دۆلەت مۇكاپاتىغا ئىگە بولۇپ، قەلبىمىزنى چەكسىز غۇرۇرغا چۆمدۈردى. غەنى بابا پۈتۈن مەملىكىتىمىزدە ئۆزىنىڭ لىمۇنچىلىقتىكى ئاجايىپ سەمەرىلىك ئەمگەكلىرى بىلەن مەشھۇر. مەن پۈتۈن كولخوز ئەزالىرى نامىدىن، شەخسەن ئۆز نامىمدىن غەنى بابانى چىن يۈرەكتىن تەبرىكلەيمەن. باغۋەن ئاتا، سىزگە مۇۋەپپەقىيەتلەر تىلەيمەن. شەخسىي ھاياتىڭىزغا چوڭ ئامەتلەر تىلەيمەن.

نازىمە: ۋايجان! ئانام رەھمەتلىك بولغىنىدا يۈرىكى يېرىلىپ كېتەتتى.

قۇدرەت: ھەي، توختا! شۇنداق ياخشى كۈندىمۇ زارلىنامسەن؟

رەھىمە: ئەمدى ئاتىمىزغا تېگىدىغىنىمۇ تېگىدۇ، تەگمەيدىغىنىمۇ تېگىدۇ.

نازىمە: تېگىپ بولدى. مەن تىرىك ئىكەنمەن، بۇ ئۆيگە خوتۇن زاتىنى يولاتمايمەن.

( ھەممەيلەن غەنىۋاينىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ، ئۇنى تەبرىكلەشكە باشلايدۇ.)

جۆرە: (تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ) ھاي، ھاي، ماڭىمۇ قالسۇن (ئادەملەرنى ئىككىگە ئاجرىتىپ، غەنىنى قۇچاقلاپ دەس كۆتۈرىدۇ). قەدىردانىم، قىيامەتلىك دوستۇم! (بېلىنى چىڭ قىسىدۇ.)

غەنى: ھى، ھى، بولدى، بېلىمنى ئېگىۋەتتىڭ. ۋاي، بېلىم! بېلىمنى ئېگىۋەتتىڭ، نامەرد (قىزى، كېلىنى ئۇنى جۆرىنىڭ قۇچىقىدىن ئاران ئاجرىتىۋالىدۇ.)

(پەردە چۈشىدۇ.)

## ۋىچىنچى پەردە

(يەنە شۇ ھويلا. تاملارغا غەنىۋاينىڭ ھەر خىل ھالەتتە چۈشكەن سۈرەتلىرى چوڭايتىلىپ ئېسىپ قويۇلغان. باغ ئىشىكىدىن پارنىك كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدا لىمۇنلار مەي باغلاپ پىشقان. ئىشىك ئالدىدىكى دەرەخ شېخىغا سەللە، چاپان ئېسىپ قويۇلغان، پەگاھغا ئىككى - ئۈچ ئاپتۇۋا قويۇلغان. پېشايۋان ئالدىدىكى سەيناغا ئۈستەل- ئورۇندۇقلار قويۇلغان. سەھنىنىڭ بىر چېتى پەردە بىلەن توسۇلغان. ئۇنىڭدا تۆمۈر ئوچاق، ساماۋەر، بىر ئورۇندۇقتا بەش-ئالتە چەينەك ۋە پىيالە تىزىپ قويۇلغان. غەنى ساماۋەرگە ئوت سالىدۇ، بەھرى بىلەن رەھىمە ئۈستەل راسلايدۇ.)

(ئىشىكتىن ئېغىر سومكا كۆتۈرگەن نازىمە كىرىدۇ.)

نازىمە: ئاپتوبۇس دېگەن بىر نېمىدە ئادەم تىقما-تىقماق، نازىمۇ كۆپ. ئېسىلىپ كەلدىم.

(نازىمە پارنىك يولىغا قويۇلغان ئاپتو-ۋىزغا يۆتلىشىپ كېتىدۇ.)

بۇ نېمە ئىش. ۋاي، بۇ چاپانلارغا نېمە بوپتۇ؟

بەھرى: ئاتاڭنىڭ قىلغان ئىشى. كەلگەن خوتۇنلار لىمۇن ئۈزمىسۇن، دەپ قىلغىنى بولىمىدۇ.

نازىمە: توۋا، ئاپتوۋا بىلەن سەللە-چاپانلاردىن خوتۇنلار قورقامدىكەن،شۇنداق قائىدە-يۇسۇن بارمۇ؟ ئاڭلىماپتىكەنمەن.

بەھرى: بۇنداق قائىدە-يۇسۇن يوق. خوتۇنلار ئاپتوۋىنى، سەللە-چاپاننى كۆرۈپ، باغدا نامازخان ئەرلەر تاھارەت ئالغىلى كىرىپ كەتكەنىكەن،دەپ ئويلىشىدۇ-دە.

نازىمە: (كۈلىدۇ) ئاتامنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ. (بەھرىگە شەرەت قىلىپ بىر چەتكە چاقىرىدۇ.) ئاچا، بىر ئىشنى ناپىلدىم. ئەمدى ئاتام خوتۇن ئېلىپ بولدى. مەن قوغرىلىۋەتتىم.

بەھرى: نېمە بالا تېرىدىڭ؟

نازىمە: رەئىس ئاچامنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ئازا يىغلىدىم. ئاتام ئۆيلەنمەكچى، جېنىم ئاچا، ئۇنى بۇ ئىشتىن ياندۇرۇڭ، قېرىغاندا خەققە كۈلكە بولمىسۇن، دېدىم.

بەھرى: ئۇ نېمە دېدى؟

نازىمە: ھېچنەرسە دېگىنى يوق، ئەمما سۆزۈم ئۇنىڭغا يارىغاندەك قىلدى.

بەھرى: بىز نېمە دېگەندۇق؟

نازىمە: دېمىسىمۇ، دېگەندەك ھەرىكەت قىلدى. ئاتامنىڭ ئۆيلىنىمەن دېيىشى ئۇنىڭغا ياقمىغاندەك قىلدى. پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بۈگۈنكى ئولتۇرۇشقا ئۇنى تەكلىپ قىلدىم. بارىمەن، دەپ ۋەدە بەردى. مانا تاماشىنىڭ قىزىقى ئەمدى چىقىدۇ.

بەھرى: قاملاشمىغان ئىش قىلىپسەن-دە، سىڭلىم، ئاتام بىچارە ئۆيلەنگىلىۋاتسا، ئاتامنىڭ ئۆيلىنىۋالغىنى ياخشى ئىدى.

نازىمە: ۋاي قانداق قىلاي! ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتماس، دېگەندەك، سىزمۇ ئۇ تەرەپكە ئېغىپ كەتتىڭىزمۇ.

بەھرى: ھەر ھالدا ياخشى ئىش قىلماپسەن.

نازىمە: بۇ گەپنىڭ ئىس-يۇسىنى چىقارماڭ. ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغان، بىلمىگەن بولۇپ، يۈگۈرۈپ يۈرۈپ خىزمەت قىلىۋېرىڭ. مەنمۇ شۇنداق قىلىمەن. (پەردىنى كۆتۈرىدۇ.) ۋاي، جېنىم ئاتا، داستىخانغا لىمۇن تىزمامسىزمۇ؟

غەنى: يەرگە چۈشكەنلىرىدىن بىر سېۋەت تېرىپ قويغانمەن. شۇلارنى داستىخانغا تىزىڭلار.

بەھرى: زېدە بولغان، قورۇلۇپ قالغانلار-نى داستىخانغا تىزامدۇق، ئويلاپ سۆزلە-ۋاتامسىز؟

غەنى: بېسمىلا بولدىغۇ.

نازىمە: ياق، جېنىم ئاتا. يېمەك-ئىچمەكنى مېھماندىن ئاياشقا بولمايدۇ. ئاپلىسىن بىلەن ماندارىن چېتىشمىسىدىن بېرىسىز. يەپ دۇئا قىلىشىدۇ.

غەنى: ياق، ياق، ئۇنىڭغا قول تەگكۈز-مەڭلار. ئۇ تەجرىبە قىلىنىۋاتقان ئاپلىسىن.

نازىمە: خوتۇنلارنى شۇنداق قىلىپ يۇمشىتىمىز-دە. ئاتامغا تەگسەڭلار، ھەر كۈنى شۇنداق ئاپلىسىن يەيسىلەر، دەيمىز.

بەھرى: نازىمە راست ئېيتىدۇ. خوتۇنلار-نى شۇنداق قىلىپ يۇمشىتىمىز. خوتۇن ئالىدىغان ئادەم دەسلەپتە ھېچنېمىنى ئايىماسلىقى كېرەك.

غەنى: (خۇشياقمىغاندەك قىلىپ ئورنىدىن تۇرىدۇ.) بولمىسا سىلەر ئۈزمەڭلار. مەن ئۆزۈم ئازراق ئۈزۈپ بېرىمەن.

نازىمە: ئۇنچىۋالا قىلىپ كەتمەڭ. مانا مۇشۇ جاۋۇرنى تولدۇرۇپ بېرىسىز.

(جاۋۇر كۆتۈرۈپ ھەنگە ئەگىشىپ پارنىك-قا قاراپ ماڭىدۇ.)

رەھىمە: كەنجىتاي - دە، ئېيتقىنىنى قىلغۇزىدۇ. مۇشۇ ھويلىدا تۇرۇپ يېڭى ئاپلىسىنغا تېخى ئېغىز تەگكىنىم يوق. نازىمەخان ھەر قېتىم كەلگىنىدە خالتىسىنى تولدۇرۇپ كېتىدۇ.

(ئىچكىرىدىن غەنى بىلەن نازىمەنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ.)

غەنى: بولدى، بولدى دەۋاتىمەن ساڭا! ھەي قىز، ئەمدى مەندىن تاياق يەيسەن.

نازىمە: خۇدا ئۇرسۇن لىمۇنىڭىزنى. لىمۇن دېگەن ئادەمدىن ئەزىزمىكەن؟ ئانام ھايات ۋاقتىدا ئاپلىسىن يېيەلمىگەنتى، نەزىرىسىگە كەلگەنلەر بولسىمۇ يېسۇن-دە.

غەنى: لاۋزىلاشما، چىق، سىرتقا! بولدى، دەۋاتىمەن ساڭا، ھەي ياغاچ قۇلاق.

(غەنى جاۋۇرنى تولدۇرۇپ ئاپلىسىن، لىمۇن كوتۇرگەن نازىمەنى ھەيدىگەندەك قىلىپ پارنىكتىن ئىتتىرىپ چىقىرىدۇ.)

نازىمە: يەنە ئۈچ-تۆتنى ئۈزەي.

غەنى: مېنى ۋەيران قىلىدىغان بولدۇڭ، ئەقىلسىز. نىيىتىڭنى باشتىلا بىلگەن بولسام، زادى ئۆيلىنىمەن دېمەيتتىم.

نازىمە: (بەھرىگە شەرەت قىلىپ) كۆردىڭىزمۇ، يەنە خۇيى ئۇتتى. ئۇنى خوتۇنلاردىن شۇنداق سوۋۇتايكى، تۆيىمايلا قالسۇن.

غەنى: (ئەلەمدىن ھۆدۇرايدۇ.) ئىسىت، ئىسىت، شۇنچە ئاپلىسىن! نەچچە يىلدىن بېرى كېچىنى كېچە، كۈندۈزنى كۈندۈز دېمەي، جاپا تارتىپ يېتىشتۈرگەن مېۋىلىرىمنى بىر دەملا ئۈزۈپ بولدىغۇ! تېخى كومىسسىيەمۇ كۆرمىگەنىدى.

نازىمە: (دىمىقىنى قېقىپ) ھە... ئاپلىسىنلىرىڭىز كومىسسىيەدىن ئايلانسۇن، باللىرىڭىز يېيەلمىسە، نەۋرىلىرىڭىزنىڭ ئاغزى تەگمىسە، بۇنداق لىمۇنخانىدا ئوت كەتسۇن!

غەنى: ھەي، ھەي، ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە.

جۆرە: (تام ئۈستىدىن داستىخانغا ئورالغان لىگەن سۇنىدۇ) ھەي، رەھىمە كېلىن ئاغىچا بۇ تەرەپكە قاراڭ، مانى ئېلىڭلار، يېڭى سامسا ياپقانىدى. داستىخانغا قويىسىلەر. ھازىرچە ئوراقلىق تۇرسۇن، ئىسسىقىدا ئوتتۇرىغا قويىسىلەر.

رەھىمە: (بويىنىنى سوزۇپ، لىگەننى ئالىدۇ.) پاھ، پاھ، تونۇر سامسىسىنىڭ پۇرىقىمۇ باشقىچە بولىدۇ-دە. (ئىچكىرىگە كىرىپ كېتىدۇ.)

غەنى: بۇ ياققا چىقمامسەن؟

جۆرە: چىقمىمەن. سەن سەل تۈزۈككىرەك كىيىنىۋالساڭ بولاتتى. ھەي، كېلىن ئاغىچا ماۋۇ كۆيئوغۇلنى ياساندۇرمامسىلەر؟ يېڭى كىيىملىرىنى ئېلىپ چىقىڭلار.

رەھىمە: (ئۆيدىن يېڭى تون، دوپپا ئېلىپ چىقىپ، ئۇنىڭغا كىيدۇرىدۇ.) يەنە نېمە كېرەك ئاتا؟

جۆرە: (غەنىۋاينىڭ كۆكسىدىكى ئوردېنلارغا قاراپ) پاھ، پاھ، بەك كۆپ ئىكەنغۇ. گېنېرالغا ئوخشاپ قالدىڭغۇ!

نازىمە: (ئۇنىڭغا قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈۋېتىدۇ.) ئاتا، كېلىن ئاچامنىڭ «قەھرىمان ئانا» دېگەن مېدالىنىمۇ قادىۋاپسىزغۇ.

غەنى: شۇنداق بولۇپ قاپتىمۇ؟ ئەركىنگە ئوردېنلىرىمنى تاقاپ قوي، دېگەنىدىم. بۇ نادان بالا ئالماشتۇرۇۋېتىپتۇ - دە. (كۆكسىدىن بىر مېدالنى ئېلىپ رەھىمەگە سۇنىدۇ) مە، ئېلىپ قوي. ئېھتىيات قىل، باللار ئويناپ، يوقىتىپ قويمىسۇن.

جۆرە: مەن - مەن دېگەن خوتۇن ئەرگە تەگسە، سەنچىلىك ئەرگە تېگىدۇ، - دەم-

www.uyghurkitap.com

بەختى بار خوتۇن تېگىدۇ، ئانىسىنى. ئەمدى كىمگە ئېغىز ئاچساڭ «غىڭ» قىلماي تېگىشىدە گەپ يوق.

نازىمە: (ئۆزىچە) «غىڭ» قىلماي تېگەر ئىمىش. كۆرىمىز، توي ئەمەس، قىيامەت بولىدۇ.

غەنى: ھەي كېلىن بالا، يەنە بىر مېدال قەپقاپتۇغۇ. خەلق ئىگىلىكى كۆرگەزمىسىدىن بەرگەن چوڭ «ئالتۇن مېدال»نى ئېلىپ چىق. كۆزەيىمىكىمىنىڭ قېپىغا سېلىپ قويغانىدىم.

رەھىمە: خوپ، بولىدۇ، ئاتا. (كىرىپ كېتىدۇ. بىردەمدىن كېيىن مېدالنى ئېلىپ چىقىپ، ئۇنىڭ كۆكسىگە تاقاپ قويىدۇ.)

جۆرە: ئالەم ئۇچقۇچىلىرىغا ئوخشاپ قالدىڭىزغۇ؟

غەنى: تامغا قونغان سېغىزخاندەك شاقىلداۋەرمەستىن بۇياققا چىق. ماڭا ھە - پە دېيىشكەچ، ھاياجىنىمنى بېسىپ تۇرمامسەن.

جۆرە: خوپ. (چىقىپ كېتىدۇ)

غەنى: ھوشيار بولۇڭلار. ئەگەر خوتۇنلار لىمۇن ياكى ئاپېلسىن ئۈزىدىغان بولسا، ئالەمنى مالەم قىلىۋېتىمەن.

جۆرە: (كىرىدۇ) مانا، بىز كەلدۇق. خىزمەت - پەرمەتىڭ بولسا، ئېيتىۋېر.

غەنى: ساماۋارگە ئۆزۈڭ قارا. مەن قازانغا قاراي.

(كوچىدىن ماشىنا ماتورىنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. بىردەمدىن كېيىن قولىدا ماشىنا ئاچقۇچىنى ئوينىپ زۇمرەت ئاچا كىرىدۇ.)

زرمرەت: ياخشى ئولتۇردۇڭلارمۇ، كېلىن ئاغىچىلار. ھە، غەنىۋاي، ياخشى تۇرۇۋاتامسەن؟ ھەي، جۆرە ئۆلگۈر، سەنمۇ بارمىدىڭ؟ تېرىك ئىكەنسەنغۇ. (ئاياللار كېلىپ كۆرۈشىدۇ.)

جۆرە: كەل، زۇمرەت. تىنچ يۈرەمسەن؟

زۇمرەت: يۈرىمەن. يۈرمەي نەگە باراتتىم. غەنى، ئۆيلەنمىدىڭمۇ؟ ئەگەر ئۆيلەنسەڭ مەندىن كۆرگىلىكىڭنى كۆرىسەن. خوتۇن ئالىدىغان بولساڭ، مېنى ئالىسەن.

غەنى: سەمىرىپ، گۈمبەزدەك بولۇپ كېتىپسەن. ماڭا ئارتۇقلۇق قىلىسەن.

زۇمرەت: مەن تېگىمەن دېسەم، سەن تېخى ناز قىلامسەن. تېگىمەن دېسەم، جان دەرسەن.

جۆرە: زۇمرەت، سەن ئۆزۈڭ ئەسلىدە غەنىگە لايىق خوتۇنسەن، تېگىۋال.

زۇمرەت: بۇ بىۋاپادىن پەندىيات دېگەنمەن. ئەمدى بولدى. ئۇ بۇنىڭدىن قىرىق بەش يىل بۇرۇن ۋەدىنى ماڭا بېرىپ، ئابىدە بىلەن توي قىلىۋالغان. زار يىغلاپ قالغانمەن.

جۆرە: شۇ چاغدا ئۆزۈڭنى بەھگە ئاسقاندەكمۇ؟

زۇمرەت: بولدى، تولا ۋالاقلاۋەرمە. (ئاياللارنىڭ ئالدىغا كېتىدۇ)

جۆرە: غەنى، ماڭا قارا ئاغىنە. ھېلىمۇ بولسا، مۇشۇ زۇمرەتنى ئال. ياق، دېمەيدىغاندەك قىلىدۇ. ھېلىمۇ كۆڭلى بار ئىكەن. ھەر ھالدا كونىراپ قالغان بولسىمۇ، ئەھدۇ پەيمانلىرىڭلار بولغانىدى. ياشلىقتا بەرگەن كۆڭۈل....

غەنى: بىر ئاز سەۋر قىلىپ تۇر.... شۇ سۆز كۆڭلۈمدىن كېچىپ تۇرغانتى. باشقىلارنىمۇ بىر كۆرۈپ باقايلى.

(ۋېلسىپىت قوڭغۇرىقىنى جىرىڭلىتىپ، شىم كىيگەن ئەنزىرەت ئاچا كىرىدۇ. ۋېلسىپىت قوڭغۇرىقىنى ئارقا - ئارقىدىن جىرىڭلىتىدۇ.)

ئەنزىرەت: ھەي، ئادەم بارمۇ؟ كىرىۋەرسەم بولامدۇ؟

غەنى: كىرىۋە. بۇ رەئىسنىڭ ئىشخانىسى

ئەمەس. ئىزۋانوك چالماي كىرىۋەمەسەن؟ شۇنداق بيۇروكرات بولۇپ ەنكىنى، ئىزۋانو-كىڭنىمۇ بىالله ئېلىپ يۈرىسەن.

(ئەنزىرەت كىرىپ ۋېلسىپىتنى تامغا يۆلەپ قويىدۇ.)

جۆرە: ئەنزىرەت، زادى بېسىلمىدىڭ، بېسىلمىدىڭ - دە. چوپچوك خوتۇن ۋېلسىپىت مىنمىسە نېمە بوپتۇ؟

ئەنزىرەت: نېمىشقا بېسىلىدىكەنمەن؟ سەنلەر بېسىلدىڭلارمۇ؟ بەللىرىڭ ئەپكەشتەك ئېگىلىپ يۈرسەڭلارمۇ تام سائىتىنىڭ كەپكىرىدەك پولاڭشىپ يۈرۈشىۋاتامسىلەر.

غەنى: ۋېلسىپىتنىڭ مىنىۋەر، مىنىۋەر. ئۆلمەي دۇنياغا تۇۋرۇك بولمىسەن.

ئەنزىرەت: ئەلۋەتتە ئۆلمەيمەن. ئۆلسەممۇ سەندىن كېيىن ئۆلىمەن، 100 يىل ياشاشقا قەسەم ئىچىپ قويغانمەن.

جەمىلە: (ئىشىكتىن بېشىنى تىقىپ) رۇخسەتمۇ؟

جۆرە: رۇخسەت، رۇخسەت. كىرىڭ. ئەھۋالىڭ ياخشىمۇ، جەمىلە بانۇ؟

جەمىلە: (كىرىدۇ) ئوھ - ھو، ئىشلار قالتىسقۇ. ياخشى قىلىپسەن، غەنىۋاي. شۇنداق ياخشى كۈنلەردە مەرھۇملارنى ئەسلەپ تۇرۇش كېرەك. رەھمەت ساڭا. (كېلىپ ئىككىسى بىلەن كۆرۈشىدۇ) شۇ ياھانىدا كونا ئاغىنىلىرىمىز بىلەن بىر سۆزلىشىۋالىدىكەنمىز - دە.

جۆرە: ۋاي - ۋاي - ۋاي! قانداق ئەتىر چاچتىڭ؟ ھەممە تەرەپ پۇراپ كەتتى.

جەمىلە: فرانسىيە ئەتىرى. قانداق! بىر شىشىسى ئاتمىش سوم.

غەنى: بۇندىقىنى ساڭا ئوخشىغان ماگىزىنچىلار چاچىدۇ. پۇلنى ئاسان تاپىسىلەر.

جەمىلە: سەنلەر شۇنداق. ماگىزىنچى بولسىلا، ئوغرى دەيسىلەر.

(ئېرىق بويىدا سوپۇنغا كۆزى چۈشۈپ قالىدۇ، ئېڭىشىپ، ئېرىقتا قولىنى يۇيۇشقا باشلايدۇ.)

غەنى: ئەنە، ئەمدى سوپۇنىڭ ئەدىبىنى بېرىدىغان بولدى. بىر كۈندە ئون قېتىم سوپۇن كۆرسە، ئون قېتىم قول يۇيىدۇ.

(جەمىلە سومكىسىدىن قولياغلىق ئېلىپ قولىنى سۈرتىدۇ.)

جۆرە: تەييار پاكىزە لۆڭگە بارغۇ. شۇنىڭغا سۈرتمەمسەن؟

جەمىلە: ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ. مېھمانغا بارسام ئۆز پىيالەم، ئۆز قوشۇقۇمنى ئېلىپ بارىمەن. باشقىلار قول تەككۈزگەن لۆڭگىگە ئۆلسەممۇ سۈرتمەيمەن.

غەنى: ئۇنداقتا سېنى ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا ئەر ئالمايدۇ.

جەمىلە: مەنمۇ تەگمەيمەن، ئەرگە تېگىپ نېمە قىلىمەن؟

جۆرە: ئەتىر چېچىشىڭدىن ئەرسىرىگەن ئوخشايدۇ، دەپ يۈرگەنتىم. دېمەك، خاتالىشىپتىمەن - دە.

جەمىلە: شۇمۇ گەپمۇ. پۈتۈنلەي خاتالاشتىڭ. (خوتۇنلار تەرەپكە ئۆتىدۇ.)

غەنى: قىلىقلىرىڭغا قارا. كۆڭلىڭ ئەر خالىمىسا، نېمىشقا پەدەز قىلىسەن؟ ئەر كىشىنى كۆرسەڭ كاۋا چېچىكىدەك ئېچىلىپ كېتىسەن، دەيسەنغۇ.

(قۇمرىخان ئاچا كىرىدۇ.)

قۇمرى: ئەسسالامۇئەلەيكۇم. ئوگدىيىپ يۈرەمسەن، غەنى پالۋان؟

غەنى: خۇداغا شۈكرى. ئۆزۈڭ قانداقراق، ئۆردەككە ئوخشاش قىش، ياز دېمەي سۇ ئۈزۈپ يۈرۈۋاتامسەن؟

قۇمرى: ھە، ئەمدى بۇمۇ بىر گەپ - تە. خۇدا ھەر بەندىسىگە بىر نەمەك بەرگەن. سۇنى كۆرسەم بېلىق بولغۇم كېلىدۇ.

جۆرە: بازاردىكى پىنخاس ياماقچى ئۆز دۇكىنىغا سېنىڭ ژۇرنالدا چىققان رەڭلىك سۈرىتىڭنى چاپلاپ قويۇپتۇ. ئىزا تارتمامسەن، سۈرەتكە ياپيالىڭاچ چۈشۈپسەن - ھە.

غەنى: بۇ ژۇرنال پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقىغا تارقىلىدۇ.

قۇمرى: «ئوگونيوك» ژۇرنىلى چەت ئەللەرگىمۇ تارقىلىدۇ.

www.uygurkitap.com

جۈرە: تازا شەرمەندە بوپسەنغۇ.

قۇمرى: نېمىشقا شەرمەندە بولىدىكەنمەن؟ پىگورام قاملاشقان، بەدىنىم ساغلام. پۈتۈن دۇنيا ئاياللىرىنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىپ كەتسۇن، دەپ شۇنداق قىلىشقان.

غەنى: دۇنيانىڭ ھەممە شەھەرلىرىدىن ساڭا خەت كېلەرمىش، راستمۇ؟

قۇمرى: راست. تولىسىنى ئوقۇيالمىدىم. ئىنگلىزچە، فرانسۇزچە، ياپونچە، ئىسپانچە، ئىتالىيانچە خەتلەرگە جاۋاب بېرەلمەيمەن. نەۋرەم تاشكەنتتىن كەلگەندە ئېلىپ كېتىپ، ھەممىسىگە جاۋاب يازىدۇ.

جۈرە: ۋاي، نەۋرەڭ ئۇ تىللارنىڭ ھەممىسىنى بىلەمدۇ؟

قۇمرى: بىلىدۇ. چەت تىللار ئىنستىتۇتىدا دەرس بېرىدىغان ئادەم بىلمەمدۇ، بىلىدۇ. بىلمىگىنىنى بىلىدىغانلارغا يازدۇرىدۇ.

غەنى: يېشىڭ بىر يەرگە بېرىپ قالدى، قىشتا مۇز تېشىپ چۆمۈلۈشنى توختات.

قۇمرى: يوق، گەپنى قىلما. غاچىلدىغان قىشتا، قىرىق گرادۇس سوغۇقتا مۇز تېشىپ سۇغا چۈشمىسەڭ، تېخى دۇنياغا كەلمەپسەن.

جۈرە: تايلاقۇۋ تېلېۋىزوردا بۈگۈن سوغۇق پالان گرادۇس بولىدۇ، دېگەندىلا كۆشلىرىم كۆيۈشۈپ، بەدەنلىرىم مۇزلاپ كېتىدۇ.

قۇمرى: تايلاقۇۋ سوغۇق بولىدۇ، دېگەن كۈنى مەن يايراپ كېتىمەن.

غەنى: (تىترىگەندەك) ھەي، زۇۋانىڭنى ئۆچۈرگىنە.

(قۇمرى خوتۇنلار تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ.)

جۈرە: قىشتا چۆمۈلىدىغانلار بەك ساغلام بولىدۇ، دېيىشىدۇ.

غەنى: ياخشىسى يېنىمدا ئېرى يوق - تە. ئەگەر ئېرى بولغان بولسا، مۇزدەك بەدىنىنى بىر قۇچاقلىغاندىلا ۋاسپالىنىيە بولۇپ قالاتتى.

جۈرە: خوتۇن ئەمەس، مۇز قۇچاقلىغاندەك بولاتتى، دېسەڭچۇ.

(ئىشىكتىن ياپونچە زۇنتىك ئۇتۇقلارغا يېڭىچە پوسۇندا ياسانغان، كېلىشتۈرۈپ پەرداز قىلغان، قولىقىغا تىللا ھالقا سالغان رەھبەر كىرىدۇ.)

جۈرە: ھە، كەل، كەل، رەھبەر ئاي، ئەھۋالىڭ ياخشىمۇ، سالامەتمۇسەن؟

رەھبەر: ئۆزۈڭ تىنچلىقمۇ؟ (غەنىگە) قالداقراق تۇرۇۋاتىسەن، ھارماي يۈرۈۋاتقانسەن، غەنىجان ئاكا؟

غەنى: (ھودۇقۇپ، ئۆزىنى يوقىتىدۇ) ھە، ئەمدى ھېلىقى ...

رەھبەر: (ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ) مەيلى، مەيلى، ئېسىڭىزنى تاپقاندا سۆزلىشەرمىز. (نېرىقى تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ.)

جۈرە: ساڭا نېمە بولدى؟ (پېشانىسىنى تۇتۇپ كۆرىدۇ) ھېچ ئۆزگىرىش يوققۇ، ئۇزۇڭنى تۇتۇۋال، دوستۇم.

غەنى: (مەيدىسىنى چاڭگاللاپ) ھازىر، ھازىر ئۆتۈپ كېتىدۇ.

(جۈرە ئۇنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، مەنىلىك كۈلۈپ قويىدۇ. خالىسە، ھەسەلخان ئاچا ۋە بىر قانچە خوتۇنلار داستىخانلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئۇلار بىلەن سالاملىشىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئادەتتىكى سالام - سەھەت، كۆرۈشۈش، ھال - ئەھۋال سورىشىشلار بولۇپ تۇرىدۇ.)

بەھرى: خۇش كەپسىلەر. قېنى داستىخانغا مەرھەمەت.

زۇمرەت: داستىخانغا ئولتۇرۇش قاچماس. لىمونزارنى بىر كۆرسەك بولاتتى. تەرىپىنى كۆپ ئاڭلىدۇق. رادىئودىمۇ، تېلېۋىزوردىمۇ بۇ لىمونىنىڭ گېپى. بىر كۆرەيلى. (پارنىك تەرەپكە مېڭىپ، بوسۇغىدىكى ئاپتوۋا ۋە دەرەخ شېخىغا ئېسىپ قويۇلغان سەللە - چاپانلارنى كۆرۈپ توختايدۇ.) ۋاي، ئۆلەي، ئەرلەر تاھارەت ئالغىلى بۇ ياققا كىرىپ كېتىشكەنىكەنغۇ. (كەينىگە يانىدۇ.)

نازىمە: لىمونخانىغا كىرمىسەڭمىزلارمۇ مېۋىسىنى يېسەڭمىزلار بولىدۇ - دە.

(نازىمە داستىخان ئۈستىگە يېپىنىپ قويۇلغان داكىنى ئېلىۋېتىدۇ. بىرنەچچە ۋازىغا تىزىل-

غان ئاپېلسىن، لىمونلارنى كۆرگەن خوتۇنلار ھەيران بولۇپ، بىردەم جىم تۇرۇشىدۇ. كولخوز رەئىسى زىبىنىسا كىرىدۇ.)

زىبىنىسا: ئىش ۋاقتىدا نېمىشقا توي ئويناپ يۈرۈيسىلەر. پېنسىيىگە چىقىۋېلىپ، ئىش چىققان يەردىن قالمايۋاتىسىلەر. شۇنداق قىلىۋەرسەڭلار ئەرگە بېرىۋېتىمەن.

زۇمرەت: تېخى ئەرسىرەپ كەتكىنىمىز يوق. كېچىسى چۈشۈڭ بۇزۇلۇۋاتقان بولسا، ئۆزۈڭ تەگ.

زىبىنىسا: خۇداغا شۈكرى، يېنىمدا ئېرىم بار، لاچىندەك، قارچۇغىدەك ...

ئەنزىرەت: ۋايىيەي، لاچىندەك، قارچۇغىدەك ئىمىش. يۈزىگە قارىسىڭىز لىگەندەك شالدۇرغۇچ قوياك، ئۇنىڭ شامىلى ئېرىڭنى نېرىقى يېزىغا ئۇچۇرۇپ تاشلايدۇ.

زىبىنىسا: بوۋدىيىمنى يامانلىما. ئەرلىرىڭ يوق، چىدىماي شۇنداق دېيىشىۋاتىسەن. ئەرلىرىڭ ھايات چېغىدا غىدىڭ- پىدىڭ قىلىپ، تازا قىينايتتىڭلار. مانا ئەمدى كونا پايتىمىسىغىمۇ زار بولۇپ ئولتۇرۇپسىلەر.

قۇمرى: ھەي، ماڭا قارا، يولداش مەھكىمۇۋا. ئاۋۋال بىزگە سالام- سەھەت قىل، ھال- ئەھۋال سورا. ئىشىكتىن كىرمەي تۇرۇپ، تۆشۈكتىن تەھدىت سالىسەن. ئەمدى بىزگە سۆزۈڭ ئۆتمەيدۇ. بىز رادىئودا ئېيتقاندەك، قېرىلىق پەيزىنى سۈرۈۋاتقان پېنسونېرلارمىز. بىلەمسەن؟ بىزگە ھادايما. كولخوزدا قىلىدىغاننى قىلىپ بولغانمىز.

زىبىنىسا: نېمە، نېمە؟ كولخوزدا تېخى قەرزىڭ كۆپ. مەسلىھەتلىشىپ سەندەك موماي- بوۋايلاردىن بىر گۇرۇپپا تۈزمەكچى بولدۇق. ھەممە گۇرۇپپا باشلىقلىرى سىلەرنىڭ ئاغزىڭلارغا قارايدۇ. ئۆيدە داتىلىپ، كۆكىرىپ ئولتۇرماي ئېتىزغا چىقسىلەر، ياشلارغا مەسلىھەت بېرىسىلەر. سىلەرنىڭ پاختىچىلىق، چارۋىچىلىق، پىلىچىلىكتە تەجرىبەڭلەر بار. شۇنچىۋالا بىلىم- ھۈنەرنى گۆرگە ئېلىپ كەتمەكچىمۇسىلەر؟ ھەممە بىلىم- ھۈنەرلىرىڭلارنى ئىنەك ساغقاندەك سېغىپ، ياشلارغا ئېلىپ بېرىسەن.

زۇمرەت: سېنى رەئىس سايلاپ بېشىمىزغا بالا تېپىۋېتىپتىكەنمىز- دە.

قۇمرى: مەن ئەخمەق بولمىسام، بۇ رەئىس بولسۇن، دەپ قول كۆتۈرەتتىممۇ!

زىبىنىسا: بولدى، باشقا گەپنى قىلىشايلى. (غەنىگە) ھە، غەنىۋاي ئەھۋالىڭىز قانداقراق؟ خوتۇن- بوتۇن ئالامسىز، يوقمۇ؟ پېشانىڭىزگە خوتۇن ئېلىش يېزىلغانمۇ- يوقمۇ؟ لەتە پېشانىڭىزنى رېنتگېنغا سېلىپ كۆرسەمەن.

جۆرە: رەئىس، رېنتگېن كېرەك ئەمەس. مەن كۆزەينەك تاقاپ پېشانەمگە قارىغانمەن. خوتۇن ئالىدۇ، دەپ يېزىلغان. ئەمما كىملىكىنى بىلەلمىدىم. ئۇ يېزىلماپتۇ.

زىبىنىسا: مانا شۇنچە كۆپ خوتۇن. تاللىسۇن، ئالىمەن دېگىنىنى ئېلىپ بېرىمەن، ئىسمىنى يېزىۋېتىمەن.

نازىمە: رەئىس ئاچا، تۈنۈگۈنكى گېپىڭىز باشقىچىرەك ئىدىغۇ.

زىبىنىسا: ساڭا ھېچنېمە دېمىگەنىدىمغۇ.

نازىمە: ئاغزىڭىزدا دېمىگەن بىلەن كۆزىڭىزدىن سۆزۈمنى قوللىغاندەك قىلغانتىڭىزغۇ؟

زىبىنىسا. توۋا، سۆزلەيدىغان كۆزۈم بارلىقىنى بىلمەيدىكەنمەن. خوش، بۇنداق ئۇششاق سۆزلەرنى قويايلى. قىزلار، ماڭا قاراڭلار. يېقىندا ئوبلاستتا بىر لېكسىيە بولغانتى. ئۇنى ئەسلىدە سىلەر ئاڭلىساڭلار بولغانىكەن. لېكسىيىنىڭ نامى «يالغۇزلۇق» ئىكەن. ئادىمىزاتنىڭ يالغۇز ياشىشى ئۆمۈردىن ئون ئۈچ پىرسەنتىنى ئېلىپ كېتىدىكەن. دوختۇر بۇنىڭغا بەكمۇ ئاجايىپ مىساللار كەلتۈردى. پاتىمە- زۆھرە دېگەنلەر بولغانىكەن. بىرى، ئوتتۇز بەش ياشتا ئېرى ئۆلۈپ تول قاپتۇ. ئېرى ئۆلگىنى باشقا ئەرگە

تەگمەپتۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا، ئېرى بارى سەكسەن يەتتە ياشتا ئۆلۈپتۇ. ئېرى يوقى ئەللىك تۆت ياشتا ئۆلگەنىكەن. سوتسىيولوگ ئالىملار بويتاق ئەر ۋە تۇل ئاياللار ئۆمرىنى ھېسابلاپ چىقىپتۇ. خوتۇنى بار ئەرلەر بويتاق ئەرلەردىن ئون سەككىز يىلدىن يىگىرمە ئۈچ يىلغىچە ئارتۇق ياشىغان. يالغۇزلۇق ئەرنىڭمۇ، خوتۇنىنىڭمۇ نېرۋا سىستېمىسىنى بۇزىدىكەن. ئىشتىھامۇ تۇتۇلىدىكەن. ھەۋەس يوقلىشقا باشلايدىكەن، كۆزەللىككە، سەنئەتكە، كەلگۈسىگە ئىنتىلىش سۇسلىشىشقا باشلايدىكەن، نەتىجىدە، قېرىلىق ئېرى بار خوتۇنلارغا قارىغاندا بۇرۇن باشلىنىدىكەن.

ئېرى بار خوتۇن ياكى خوتۇنى بار ئەرلەردە ھاياتقا ئىنتىلىش كۈچىيىشكە باشلايدىكەن. ياخشى كىيىنىش، ئۆزىگە ئېتىبار بېرىش، مۇزىكا ۋە ناخشا ئاڭلاشقا ئىنتىلىش كۈچىيىدىكەن. سەپرالىق ئورنىنى قانداقتۇر مۇلايىملىق ئىگىلەيدىكەن. ئۆزىنى ياساشقا ھايىللىقى ئاشىدىكەن. ئاشۇ لېكتورنى ئىزدەۋاتىمەن. تاپسام ھەممىڭلارنى يىغىپ بىر ئاڭلىتىمەن.

جۆرە: شۇنداق قىلىڭ، رەئىس ئاچا.

زېھنىسا: سەنلەردە ئىنساپ دېگەن نەرسە بارمۇ، نېمە دېسەڭلار ماقۇل دەپ تۇرساق، پېنسونېرمەن دەپ بېشىمىزغا چىقىۋالىدىغانغا ئوخشايسىلەر. (بارماقلىرىنى بىر-بىرلەپ ساناپ سۆزلەيدۇ.) قۇلىقى ئاڭلىمايدىغانلارغا تىڭشىغۇچ ئېلىپ بەردۇق، بۇ، بىر. چىشى يوقلارغا چىش سالدۇرۇپ بەردۇق، بۇ، ئىككى. كۆزى ناچارلارنى تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈپ فرانسۇزچە گەردىشلىك كۆزەينەك قىلغۇزۇپ بەردۇق، بۇ، ئۈچ. داس كۆتۈرۈپ مۇنچىغا بارمىسۇن، دەپ ئاپئاق ۋاننا ياسىتىپ بەردۇق، بۇ، تۆت. يەنە نېمە كېرەك بولسا، تەييارمىز. خوش، نېمىشقا سىلەر ئېيتقان ئىش ئورۇندىلىدۇ، بىزنىڭكى ئورۇندالمايدۇ. ئاپئاق ۋاننىنىڭ ھوزۇرىنى ئۆزۈڭلارلا كۆرەمسىلەر.

زۇمرەت: ئۆپكىسى يوق بىر نېمىكەنۇ بۇ. تۈزۈكرەك سۆزى يوقمىكىنا؟

رەھبەر: ماڭا قارا، زېبى، ئۆزۈڭ خېلى ئەقىللىق جۇۋانسەنۇ، ئەمما بەزىدە ئۆزگىرىپ تۇرىسەن. خوش، نېمە ئىش، بىر ئېيتىپ باقە. بىز ئەرگە تېگىپ نېمە راھەت كۆرىمىز؟ بۇرۇنقى مومايلار مۇھتاجلىقتىن ئەرگە تېگەتتى، ھازىرقى مومايلار كىمدىن كەم. پېنسىيە پۇلىنى شاراقلىتىپ ئېلىپ تۇرىدۇ. بىر سېسىق بوۋايغا تېگىپ، پايپىقىنى يۇيۇپ، قىزلىرىدىن دەشنام يەپ ... ھەي، قويە!

زېھنىسا: بولدى. باشقىلارنى سوۋۇتما. سەن تەگمىسەڭ جان دەپ تېگىدىغانلار بار. پەقەت تارتىنىپ، خەق نېمە دەيدىكىن، دەپ دىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ تۇرۇشۇۋاتىدۇ. ساڭا بىر گەپنى دەپ قوياي. ئۆتكەن كۈنى ئوبلاستتا كولخوزلاردىكى ھەربىيدىن قايتقانلارنىڭ كېڭىشى بولدى. ئوبلاستلىق ھۆكۈمەتنىڭ زالىغا ئادەم سىغماي قالدى. مەيدىسىنى تولدۇرۇپ ئوردېن ئاسقان بوۋاي، مومايلار قېتىپ يۈرۈشەتتى. نېمە بولدى، دېگىن؟ بىزدىن بارغان بوۋايلارنى زالغا كىرگۈزۈشمىدى. تولىمۇ ئوسال بولۇپ قايتىشتى.

قۇمرى: بوۋايلىرىمىز نېمە گۇناھ قىلغانىكەن؟

زېھنىسا: بارغان بوۋايلارنىڭ كىيىمىگە قارىغىلى بولمايدۇ. ئاق كۆڭلەككە قىزىل تۈگمە قاداشقان. دوپپىسىنىڭ مېيى چىقىپ كەتكەن. شىمىغا بىر ئۆمۈر دەزمال تەگمىگەن. ساقاللىرى ئۆسۈپ، چاڭگىلا بولۇپ كەتكەن. كېتىڭلار، ئادەمگە ئوخشاپ كېلىڭلار، دەپ ياندۇرۇۋېتىپتۇ. نومۇستىن ئۆلدۈم، يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدۇم. ئەگەر ئۇ بىچارە بوۋايلارنىڭ سەنلەردەك خوتۇنى بولغان بولسا، چاقماقتەك كىيىندۈرۈپ، مەجلىسكە ئەۋەتەتتى. تارتىنماي ئېيتىۋېرىڭلار، بىرەر

www.uyghurkitap.com

بۇۋايىنى كۆزلەپ قويغان بولساڭلار، ماڭا دەپ قويساڭلارلا، بولىدى! بۇ تەرىپىنى ئۆزۈم توغرىلايمەن.

ئەزىزەت: ماڭا قارا، رەئىس. ئەگەر تېگىدىغان بولساق، سىنىڭ تەئۈيغا تېگىشىمىزمۇ تېگىۋېرىمىز. تەشۋىق قىلمايلا قوي.

زىبەنىسا: سەنلەر ئۆزلىرىڭنى ئۆزلىرىڭ خار قىلىۋاتىسەن. شۇنداق زاماندا پەيزى قىلىپ يۈرمەي كاماردا دات بېسىپ يېتىش، ئۆزىنى-ئۆزى خار قىلغانلىق ئەمەسمۇ؟ ھەي، ياردىماس، شۇم مومايلار.

زۇمرەت: شۇ بىر ئېغىز تەشۋىقاتىڭ بىلەن ھەممە مومايلار قوزغىلىپ، ئەرگە تېگىپ كېتىدۇ، دەپ ئويلاۋاتامسەن؟ نېمە، بىز كىچىك بالىمىدۇق؟

زىبەنىسا: ماڭا ئوخشاش ئۇزۇن ياشايمەن، ئۆمرۈڭنىڭ پەيزىنى سۈرىمەن دېسەڭلار، ئەرگە تېگىڭلار. كۆكىرىپ، دات بېسىپ ئۆلۈپ كېتەيلى دېسەڭلار، بوپتۇ، يول بولسۇن.

رەھبەر: ئەلۋەتتە، ھەممىمىزنىڭمۇ ئۇزۇن ياشىغۇمىز كېلىدۇ.

جەمىلە: كىمنىڭ ياشىغۇسى كەلمەيدۇ، ھەممىمىزنىڭ ياشىغۇسى كېلىدۇ.

زىبەنىسا: ياشىغىڭ كەلسە، ئەرگە تەگ.

خالنىسا: نېمىلەرنى دەۋاتىسىز، رەئىس. بىزنى كىم ئالاتتى؟

ھەسەل: ۋاي، بىزنى كىممۇ كېرەك قىلار.

زىبەنىسا: ئىنسابمۇ كېرەك، بۇ دۇنياغا نېمىشقا كەلدىڭلار؟ بالا تۇغۇپ باقتىڭلار، بالىلىرىڭلارنىڭ بالىسىنى باقتىڭلار، خوش، قاچان ئۆزلىرىڭلار ئۈچۈن ياشايسىلەر؟ ئەرلىرىڭلار بولسا قول ئۇتۇشۇپ، بارمىغان يەرلىرى قالمايدۇ، كۆرمىگىنىنى كۆرسەن، يېمىگىنىنى يەيسەن، كەيمىگىنىنى كىيسەن. ئۆزلىرىڭنى بازارغا سالغىچە، بازارلىرىڭ ئۆتۈپ كېتىدۇ. يەنە ئاز ۋاقىت ئۆتسە، سېسىپ سىلەر، بىرسى قارىمايدىغان ھالغا كېلىسىلەر. گېپىمنىڭ ئوغۇل بالىسىنى ئېيتسام ئەرگە تەگسەڭلار يۈزىڭلاردىكى قورۇقلار يوقايدۇ، ئاقارغان چاچلىرىڭلار قارىيدۇ. يول ماڭساڭلار ئېچىلىپ ناخشا ئېيتىدىغان بولىسىلەر. ئەرنىڭ قانداق بولۇشى ئېسىڭلاردىن چىقىپ كەتكەن-دە. ئەر دېگەن جان، ئوت دېگەنىكەن بىر دانا.

جۆرە: باپلىدىڭ، رەئىس.

غەنى: زېبى يارايدۇ. گېپىڭ مېغىزىنى چاقىدۇ-دە! (تېلېفون جىرىڭلايدۇ، نازىمە تورۇپكىنى ئالىدۇ.)

نازىمە: كىم دېدىڭىز؟ رەئىس ئاچاممۇ؟ ھازىر بېرىمەن. ئاچا، سىزگە تېلېفون.

زىبەنىسا: ئاڭلاۋاتىمەن. ھە، ئۆزۈم. كىم دېدىڭ؟ موسكۋادىن؟ ھە، شۇنداقمۇ؟ ھازىر يېتىپ بارىمەن. (تورۇپكىنى جايىغا قويىدۇ.) گەپ شۇ. ئەگەر ئەرگە تېگىمەن دېسەڭلار، ئەتە سائەت توققۇزدىن كەچ سائەت يەتتىگىچە ئىلتىماسىڭلارنى ئۆزۈم قوبۇل قىلىمەن. مانا، غەنى ئاكىغا قاراڭلار، قارچۇغىدەك بولۇپ، تولۇپ، ئېقى-ئاقىغا، قىزىلى-قىزىلىغا ئاجرىلىپ تۇرۇپتۇ. بۇ كىشىگە تەگكەن خوتۇننىڭ جېنى راھەتكە چىقىدۇ. بىردەم كاپكازغا، بىردەم ئۇكرائىنغا، بىردەم تاجىكىستانغا، بىردەم بېلورۇسىيىگە ساياھەتكە كېتىدۇ. موسكۋاغا يىلىغا ئىككى قېتىم بارىدۇ. ئۇنى كرېملدىكىلەرمۇ تونۇيدۇ. كىم ئۇنىڭغا تېگىمەن، دېسە، قولىنى كۆتۈرسۇن.

زۇمرەت: ۋاي، قويە، بۇنداق ئىش يوشۇرۇنراق بولىدۇ-دە.

زىبەنىسا: نېمىشقا يوشۇرۇنراق بولىدىكەن؟ ئوغرىلىق قىلىۋاتامسەن، يوشۇرۇنراق قىلغىلى. ھازىرچۇ، ئەرگە تېگىدىغان ئايال گېزىتكە ئېلان بېرىۋاتىدۇ، ماڭا مۇنداق ياشتىكى، سالامەتلىكى ياخشى ئەر كېرەك. خالىغۇچىلار پالان ئادرېسقا مۇراجىئەت قىلسۇن، دەپ گېزىتكە ئېلان بېرىۋاتىدىغۇ.

ھەسەل: تۇۋا، ئاجايىپ زامانلار بولدى-دە.

زىبەنىسا: مەن كەتتىم. موسكۋادىن ئادەم كەپتۇ. ئەمما سۆزلىرىمنى ياخشىلاپ ئويلاپ كۆرۈڭلار، خەير.

(چىقىپ كېتىدۇ. پاۋزا. ھەممە جىم.)

www.uyghurkitap.com

ئەنزىرەت: قويە، دەپ ئەرگە تېگىۋېرەي دەيمەنۇ، قوشنا-قولۇملاردىن نومۇس قىلىمەن-دە.

رەھىمە: رەئىس ئاچچىمىز قىزىق ئىكەن. ھەر كىمنىڭ ھوزۇر-ھالاۋىتى ئۆزى بىلەن.

جەمىلە: بۇ رەئىس دېگەن بىر نېمە ھەممىمىزنىڭ يۈرىكىمىزگە ئوت يېقىۋەتتى.

رەھبەر: بىر ھېسابتا ئۇنىڭ سۆزلىرى توغرا، ئەتە-ئۆگۈن پوككىدە ئۆلۈپ كەتسەك، پالانچى ئەرگە تەگمەي ئالەمدىن ئۆتتى، دەپ قەبرىمىزگە مەر-مەر تاش قوياتتىمۇ؟ ئىككى ئوتتۇرىدا دۈگدەرەپ يالغۇز ئۆتكىنىمىزلا قالىدۇ.

جەمىلە: يالغۇزلۇق قۇرۇسۇن. يالغۇزلۇق ھېچكىمنىڭ بېشىغا كەلمىسۇن. مىدىرلاپ تۇرغان بوۋدىك بولسىمۇ بىر نېمە قىلىپ كۈننىڭ ئۆتكىنىنى بىلمەيلا قالىسەن. بالا-چاقىلار ئۆز راھىتى بىلەن ئاۋارە. بەزىدە مىدىرلاپ يۈرگىنىمىز ئۇلارغا مالال كېلىۋاتقاندەك بىلىنىدۇ.

خالنىسا: (خىيال سۈرىدۇ.) بوۋدىك بولسا، ئوتۇن يېرىپ، سەۋزە توغراپ بەرسە، ئوچاققا ئوت قالاپ، گاز - گۆش قىلساك. ھويلىغا سۇ سېپىپ، ئورۇن راسلىساك، ئۇنئالغۇدا ياخشى ناخشىنى قويۇپ قويساك. بوۋاي - موماي ئولتۇرۇپ ئاش دەم يېگۈچە چاينى ئۆرلىتىپ ئولتۇرساق. ھەي، بۇ سۆزلەر ئەمدى بىر چۆچەك بولۇپ قالدۇ.

نازىمە: بۇ شوم مومايلار ھازىر كۆزۈمگە بىر ئاپەت بولۇپ كۆرۈنۈۋاتىدۇ.

رەھىمە: ئەمدى يېنىۋالماڭ. ئۆيگە مېھمان چاقىرىپ قويۇپ، شۇنداق دەمسىز؟ ئانىڭىزنى بۇلار ئۆلتۈرۈپتىمۇ؟ يولىدىراق ئىش قىلايلى.

بەھرى: (ئىچكەركى ئۆيدىن دۇتار كۆتۈرۈپ چىقىدۇ) ھەي، سىزلەر مېھمان بولۇپ كەلگەنمۇ ياكى ھارىدىمۇ؟ قۇمرىخان ئاچا ئۆلىدىغان جانغا بىر يايرىۋالايلى. قوشاق ئېيتىپ بېرىڭ.

قۇمرى: (دۇتارنى ئېلىپ) چالمىغىنىمغا خېلى بولۇپ قالدى. خوپ، ئاۋۇ بوۋايلارنىڭ يۈرىكىنى بىر ئويناتاي. نېمىنى ئېيتىپ بېرەي؟ ھەي، خەبەنۋاي، قايسىنى ئېيتاي، يىغلىتىدىغانلىرىنىمۇ، كۈلدۈرىدىغانلىرىنىمۇ، ئويناتىدىغانلىرىنىمۇ؟

جۆرە: يىغلىتىدىغاننى نېمە قىلىسەن؟ كۆڭۈلنى كۆتۈرىدىغاندىن ئېيت.

قۇمرى: (دۇتارنى چېلىپ، ئاۋۋال پەس، كېيىنچە يۇقىرى پەدىدە قوشاق باشلايدۇ)

تۇرنىلار ئۇچسا قارايلى،
مەرغىلاننىڭ يولىغا.
ھىدى كەلسە مەست بولايلى،
دۇملاقنىڭ بويىغا.

دۇملاق بويلۇقنام،
سەن ئۇندا زار، مەن بۇندا زار.
ئۇتمۇقۇشنىڭ بالىسىدەك،
ئىككىمىزمۇ ئىنتىزار.

ئىشتىياقنى تارتا - تارتا،
ھېچبىر مادارىم قالمىدى.
روچىشۇندەك سارغىيىپ،
ئۇچارغا ھالىم قالمىدى.

(بۇ چاغدا تېلېفون جىرىڭلاپ قالىدۇ، ناخشا توختايدۇ.)

جۆرە: ناخشىنىڭ بېلىگە تەپتى - دە.

نازىمە: (تروپكىنى ئېلىپ) لەببەي. ئاتاملارمۇ؟ شۇنداقمۇ؟ ھازىر ئېيتىمەن. خوپ. (غەنىۋايغا قاراپ) دەرھال بارىدىكەنسىز. كىنوغا ئالىدىغانلاردىكەنمۇ، موسكۋادىن ئالىملار كەلدى دېدىمۇ، شۇنداق، چوڭ ئادەملەر كەلگەنمىش، سىز بىلەن سۆزلىشەرمىش. لىمۇن ھەققىدە ئىكەن.

غەنى: بولىدۇ. ھازىر بارىمەن. (كوچا تەرەپكە مېڭىپ، دەرھال كەينىگە يېنىپ پارنىڭ ئىشىكىگە قۇلۇپ سالماقچى بولىدۇ.)

بەھرى: قۇلۇپ سالماڭ، سەت تۇرىدۇ، نېمە قىلىسىز، پىخسىق دېگەن نامغا قالىسىز. ئوچۇق تۇرۇۋەرسۇن. لىمۇنلىرىڭىزنى بۆرى يېمەيدۇ.

ھەنى: (ئاچقۇچنى يېنىغا سېلىپ، كوچا تەرەپكە ماڭىدۇ.) جۆردۋاي، مەن كەلگىچە سەن مېھمانلارنى كۈتۈپ تۇرارسەن.

جۆرە: باشقا ئىشىم يوقمۇ؟ ئۆيگە تېلېۋىزور رېمونتچىسى كەلمەكچى ئىدى (غەزەپكە ئەگىشىپ چىقىپ كېتىدۇ).

(ئەركىن ئۆيدىن بىردەستە ژۇرنال بىلەن يوغان ئالبوم كۆتۈرۈپ چىقىپ خوتۇنلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرىدۇ.)

ئەركىن: ھازىر سىلەرگە بىر نەرسە كۆرسىتىمەن، تاماشا قىلىڭلار. ماۋۇ ژۇرنال فرانسىيىدە چىققان. بۇۋامنى ماختاپ ئىككى بەت يازغان. سۈرەتلىرىگە قاراڭلار. لىمونخانىدا تارتىلغان. قايىل بولامسىلەر؟ ماۋۇ ژۇرنال چېخوسلوۋاكىيىدە چىققان. بۇنىڭدىمۇ بۇۋامنىڭ سۈرەتلىرىنى بېسىپ ماختىغان.

(ئۇ بەش - ئالتە ژۇرنالنى ئاياللارغا بېرىدۇ) بۇ ئىسپانىيىدە، بۇ ئەنگلىيىدە، بۇ ۋېنگرىيىدە، بۇ بولسا بۇلغارىيىدە... ئەمدى تامدىكى سۈرەتلەرگە قاراڭلار. مانا بۇۋام ئالەم ئۇچقۇچىسى جانىبېكوۋ بىلەن بىللە چۈشكەن سۈرەت، بۇ فىدېل كاسترو بىلەن چۈشكەن سۈرەت. بۇنى ئۇ لىمونخانىمىزغا كەلگەندە تارتقانىمەن. ماۋۇسى لېيۇدمىلا زىكىنا بىلەن. ھە، تېخى كۆرىسىلەر. ماۋۇ سۈرەتنى ئاركادىي رەيكىن كېلىپ بۇۋامنىڭ يېڭى سورت ئاپېلسىنلىرىنى كۆرۈۋاتقاندا تارتقانىمەن. ماۋۇ - سىس - سىر خەلق ئارتىسلىرى سارە ئىشانتۇرەيېۋا بىلەن ھەلىمە ناسىروۋالار لىمونخانىغا كەلگەندە چۈشكەن. قايىلمۇسىلەر؟ بۇۋام ئالىدىغان خوتۇنىنىڭ بەختى ئېچىلىدۇ. مانا، مانا، بۇ - بۇۋام ئىلغار كولخوزچىلار قۇرۇلتىيى مۇنبىرىدە سۆزلەۋاتقان ۋاقتى. بۇنى پېنسىيون دېگەن مەشھۇر سۈرەتچى تارتقان.

رەھبەر: يېڭىدىكى كاسسىپنىڭ قەدرى يوق، دېگەن شۇ ئىكەن - دە. غەنى بەكمۇ ئۇلۇغ ئادەم ئىكەن.

زۇمرەت: ئۇلۇغلۇقى ئۇلۇغ، ئەمما ئازراق بەۋاپاراق - تە.

قۇمرى: سىزنى ئالمىغانلىقى ئۈچۈن سۇنداق دەمسىز. سادىغاڭ كېتەي. ئۆزى قېرىپ قالغان بولسىمۇ، بىر خوتۇننى كۆڭلىدەك باققۇچىلىقى بار.

زۇمرەت: (رەھبەر تەرەپكە شەرەت قىلىپ، چاقچاق بىلەن) بۇنداق كارامەتلىرىنى بىز نەدىن بىلەيلى. يۇرتىمۇ يۇرت قېچىپ يۈرگەنلەر بىلمىسە.

رەھبەر: تەنە قىلماڭ. كونا خامانىنى سورىماڭ. بۇ ئىشقا قىرىق يىل بولدى، سىزگە ئەلەم قىلغان - دە، شۇڭا زادى ئۇنتۇمايسىز.

زۇمرەت: بىر دەپباپتىمەن.

(ئەركىن ژۇرناللارنى يىغىشتۇرىدۇ.)

ئەركىن: سۈرەتلەر تۈگىدى. ئېلىپ كېتەيمۇ؟ (ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ.)

قۇمرى: (قولىدىكى دۇتارنىڭ ئۇ يەر، بۇ يېرىنى كۆرۈپ) ياسالغىنىغا سەكسەن يىل بولغاندۇ، بۇ دۇتارنى ئابىدەنىڭ چېلىقىدا چالغانىتىم.

نازىمە: ۋاي، ئانامنىڭ تويىغا كەلگەنمىدىڭىز؟

قۇمرى: نېمىشقا كەلمەيدىكەنمەن؟ «يار - يار» نىمۇ ئۆزۈم ئېيتقانىمەن. ئاناڭدىن ئىككى ياش كىچىك بولسامۇ ئوت ئىدىم. چوڭ - چوڭ ئولتۇرۇشلاردا ناخشا ئېيتاتتىم.

ئەنزىرەت: ئەمما مېنىڭ تويۇمدا ئېيتمىغانتىڭ. شۇنىڭدىن تارتىپلا كۆزۈمگە سەت كۆرۈنىسەن.

قۇمرى: ئاكام رەھمەتلىك ئۆيگە سولاپ قويغانىدى. كېلەلمىگەنىمەن. ئەركە تەككىنىڭگە نەچچە يىل بولدى، ئەنزىرەت؟

ئەنزىرەت: بىر كەم قىرىق يىل بولدى. ھازىر بۇتۇرقۇڭنى، ئاكاڭ كۆرسە، تېرەڭنى شىلىپ ئالىدىكەن - دە.

قۇمرى: ئاكام رەھمەتلىك كونا ئادەم ئىدى - دە. ئۇ كىشىمۇ ئۇرۇشتا قۇربان بولدى.

www.uyghurkitap.com

نازىمە: ئاتام ئىدارىدا كەتتى. يوق چې-
غىدا لىمونخانىسىنى بىر تاماشا قىلىڭلار.
(نازىمە باغ ئىشىكى ئالدىدىكى ئاپتوۋىلار-
نى تېپىۋېتىدۇ.) كىرىۋېرىڭلار! (خوتۇنلار
ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، لىمونخانا تەرەپكە
مېڭىشقا باشلايدۇ.)

بەھرى: سىڭلىم، ئاتاڭدىن بالاغا قالماي-
لى يەنە.

نازىمە: بۇ خوتۇنلار لىمونلارنى بىرنىمۇ
قويماي ئۈزۈۋالسا، بەكمۇ ياخشى بولاتتى-
دە. مەقسەتكە يېتەتتىم.

بەھرى: نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن؟

نازىمە: خوتۇنلار ئاتامنىڭ كۆزىگە ئاپەت
بولۇپ كۆرۈنسۇن دەيمەن - دە. ھەممىسىنى
قوغلىۋېتەتتى.

رەھىمە: ھەي، نازىمخان، سادىغاڭ كې-
تەي، نىيىتىڭىزدىن يېنىڭ.

نازىمە: سىز ئارىلاشماڭ، ئاچا. ھەر ھالدا
نېمىلا دېگەنبىلەن سىز — يات. قېنىڭىز قو-
شۇلمايدۇ. ئاتامنى ئۆيلەپ قويۇپ، قاچا -
قۇچىسىنى باشقا قىلماقچىسىز. بىلىمەن.

رەھىمە: ۋاي، ئۆلەي! ھە، ئۆتەپ بېرىڭگا
نېرى، بىلگىنىڭىزنى قىلىڭ. ماڭا نېمىتتى!
(ئاچچىق بىلەن ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ.)

نازىمە: قېنى كىرىۋېرىڭلار دېدىمغۇ!

رەھبەر: ھەي، قويۇڭلار، بۇ غەنىۋاي ئا-
كىنىڭ تەجرىبە لىمونلىرى، ياق، كىرمەڭلار.

نازىمە: سىز خوجايىنلىق قىلماڭ. سىزيا
ئاتامنىڭ خوتۇنىمىدىڭىز؟ كىرىۋېرىڭلار.

زۇمرەت: ياقە، بالاغا قالمايلى.

نازىمە: بالاغا قالمايسىلەر، كومىسسىيە
كۆرىدىغىنىنى كۆرۈپ بولغان. بۇنى ئاتام
سىلەرگە ئاتاپ قويغان، خالىغانچە ئۈزۈۋې-
رىڭلار، ھەممىسى سىلەرنىڭكى.

(خوتۇنلار تارتىنىپراق پارنىككا كىرىپ
كېتىشىدۇ. ئىچكىرىدىن ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرى
ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.)

— ھەي، قانداق بولىدۇكىن.

— غەنىۋاينىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قال-
مايلى؟

— گۈلىدىنىمۇ ئۈزەيلى. دۇنيادا لىمون
گۈلىدەك پۇراقلىق گۈل يوق.

— كېلىنىم لىمونغا سېزىك ئىدى. بىرنىملا
ئۈزەي.

نازىمە: مانا، مانا، سومكاڭلارنى تولدۇ-
رۇپ ئېلىڭلار.

(بىردەمدىن كېيىن خوتۇنلار تور خالتا،
سومكا، بوغچىلاردا لىمون، ئاپلېسىنلارنى
ئاران كۆتۈرۈپ، چېكىلىرىگە لىمون گۈللىرى-
نى قىسىپ چىقىشىدۇ.)

خانىسا: قىشتا مۇزنى تېشىپ چۈمۈلىدى-
غانلار لىمۇننى كۆپ يېسۇن، دەپتىكەن،
بۇ گەپ كىتابتا بار ئىكەن.

جەملە: (لىمون گۈلىنى پۇراپ) بۇنىڭغا
قارىغاندا، لىمون گۈلىنىڭ ھىدى ئالدىدا
فرانسىيەئەتىرى بىر تىيىن ئىكەن.

ئەنزىرەت: قېنى، قىزلار غەنىۋايغا بىر
دۇئا قىلايلى، بېغى تېخىمۇ ئاۋات بولسۇن.
ئابرويى تېخىمۇ ئۆسسۇن.

(جۆرىۋاي كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى
گۈللەرنى كۆرۈپ، ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالىدۇ.)

جۆرە: بۇ قانداق بولغىنى؟ سىلەردە ئىن-
ساپ بارمۇ ... زادى ...

جەملە: ھە، نېمە بوپتۇ؟

جۆرە: نېمە بوپتۇ؟ دەيدىغۇ! بۇ ئاپلېسىن-
لارنى يېتىشتۈرگىچە غەنى بىچارە ئورۇقلاپ
تۈگىشىپلا كەتكەنغۇ، نېمىشقا ئۈزدۈڭلار؟
كومىسسىيە كۆرۈشى كېرەك ئىدى. كۆرگەز-
مىگە ئەۋەتىدىغان ئاپلېسىنلار ئىدى.

رەھبەر: (خىجالەت بولۇپ) مەن ئۈزمە-
دىم. نازىمخان ئىشىكنى ئېچىپ بەردى. خا-
لىغانچە ئۈزۈۋېرىڭلار، دېدى.

جۆرە: نازىمە. سەن زادىلا ئەقلىڭنى تاپ-
مىدىڭ - دە. ئاتاڭنى ئۆز ئەجىلىدىن
بۇرۇن ئۆلتۈرىدىغان بولدۇڭ. سەن
زادى ئاتاڭنى ئايىمايسەن؟! (خوتۇنلارغا)

ئۇزە دېسە ئۈزۈۋەردىڭلارمۇ؟ بەك يامان بولدى. ھېلى كەلسە، بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ساراڭ بولۇپ قالمىسا.

نازىمە: ھېچ ئىش بولمايدۇ، لىمۇنى قوۋرۇپ كەتسۇن، ئادەمدىن ئەزىزمىتى. خىجىل بولماڭلار. ئۆزۈم جاۋاب قىلىمەن. بۇنداق پىخسىق بوۋايغا قايسى خوتۇن تېگىدۇ. كىم تەگسە سىل بولۇپ ئۆلىدۇ. ئاتامنىڭ بەزى قىلىقلىرى باركى، جېنى تاشتەك خوتۇنمۇ ئۈچ كۈن چىدىمايدۇ. ئانام رەھمەتلىكنىمۇ پىخسىقلىق قىلىپ ئۆلتۈرگەن.

بەھرى: كېيىم بار دەپ ئاغزىڭغا كەلگەن گەپنى قىلىۋېرەمسەن، ئاتام ئۇنداق ئادەم ئەمەس.

نازىمە: قانداقلىقىنى ھازىر كەلگەندە كۆرۈسلەر. توت لىمۇننى دەپ، ئالەمنى ماتەم قىلىدۇ. ھەممىنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىدۇ. ۋايجان، ئۆز باللىرىدىن، مېھمانلىرىدىن ئىككى قوتۇر لىمۇننى ئايايدىغان قانداق دېگەن ئاچكۆز، پىخسىق ئاتا-بۇ!

جۆرە: ۋارقىرىما. ئۆز ئاتاڭنى شۇنداق دېيىشكە قانداق تىلىڭ باردى.

نازىمە: بىلىپ قويۇڭلار، ئاچىلار. مانا بۇ پىخسىق ئادەم خوتۇن ئالماقچى. تەگمەڭلار، ئۇنىڭغا زادى تەگكۈچى بولماڭلار، ئۇ سىلەرنى سىل قىلىپ، راك قىلىپ ئۆلتۈرىدۇ.

(شۇ چاغدا غەنى كىرىدۇ. قىزىنىڭ بىشەملىك قىلىپ، جاۋۇلدىشىغا قولاق سېلىپ تۇرىدۇ.)

جۆرە: ھەي، قىزىم، بولدى قىل. نېمىشقا بۇنداق قىلىۋاتقىنىڭنى بىلىمەن. ئاتام ئۈيلەنمىسۇن دەپ ئۇنى ھەممە ئادەمگە يامان ئاتلىق قىلىۋاتىسەن. بۇنداق قىلىش ياخشى ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتاڭ بىچارە يەتتە يىل كېچىنى كېچە، كۈندۈزنى كۈندۈز دېمەي قىينىلىپ يېتىشتۈرگەن ئاپېلسىن تەجرىبىسىنى تالان - تاراج قىلدىڭ. ئاتاڭغا بولغان ھۆرمىتىڭ شۇمۇ؟

نازىمە: سىز ئارىلاشماڭ. سىز دېگەن بىزگە يات ئادەم.

جۆرە: ھە. يوقال، ساڭا سۆزلىگىچە، تامغا سۆزلىسەمچۇ. (ئاچچىق بىلەن چىقىپ كېتىدۇ.)

غەنى: (چىدىيالماي قىزىنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ.) ئاۋازىڭنى ئۆچەر! ئەقىلسىز. جۆرىدۋاي بىزگە ئەڭ قەدىرلىك كىشى. ساڭا ئاتا بولۇق ئادەم. ھەممە سۆزۈڭنى ئاڭلىدىم. مېنىڭ چىشىمغا تېگىش ئۈچۈن شۇنداق قىلدىڭ. بوپتۇ. خالىغىنىڭچە دادلا. مەن ئۆز قارارىمدىن قايتمايمەن. بۇ يەردىكى ئاپېلسىنلارنى ۋەيران قىلساڭ، يەنە يەتتە شەھەردە پارنىكىم بار. ھەممىسىدە لىمۇن، ئاپېلسىنلار مەي باغلاپ پىشىپ ياتىدۇ. (خوتۇنلارغا) ياخشى كېلىپسىلەر. ئۆزۈڭلار ئۈزگىنىڭلار بەك ياخشى بوپتۇ. ئۆزۈم مۇنچىلىك ئۈزۈپ بېرەلمەيتتىم. كۆزۈم قىيماي، قولۇم تىترەپ ئاپېلسىنلارنى ئۈزەلمەيتتىم. ئاش بولسۇن، بالا - چاقاڭلار بىلەن بىرلىكتە يەڭلار. زادى خىجىل بولماڭلار. مەن ئەمدى تېرىمىزغا كەتتىم. موسكۋا تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن ئوپېراتورلار كەلگەن، فىلىم ئىشلىمەكچى. ئۇلار بىلەن تېرىمىزغا بارىمەن. رەھمە، كېلىنىم، كېيىم - كېچىكىمنى چامادانغا سېلىپ بەرە، ھازىر يولغا چىقىمىز.

(باياتىن بېرى خىجىل بولۇپ تۇرغان خوتۇنلارغا جان كىرىدۇ.)

جەمىلە: غەنىۋاي، ئەمدى بىزنى كەچۈرسەن - دە. ئەدەبسىزلىك قىلىپ قويدۇق.

زۇمرەت: بەك سەت ئىش بولدى - دە. نازىمخان ئالىۋېرىڭلار دېسە بىزمۇ سۈرۈشتە قىلماي ئۈزۈۋېرىپتىمىز.

www.uyghurkitap.com

غەنى: زادى خىجىل بولماڭلار، دەۋاتىمەنغۇ. بۇ نەرسىلەرنى ئادەم يېسۇن، دەپ ئۆستۈرگەنمەن - دە.

قۇمرى: ھە، ياشاپ كېتىڭلار. بېغىڭىز دۇنيادىمۇ بەك ئاۋات بولسۇن، ئابرويىڭىز ئۆسسۇن.

(رەھىمە كىچىك بىر چامادان ئېلىپ چىقىدۇ. غەنىۋاي ئىختىيارسىز رەھبەرگە قارايدۇ. ئۇزۇن قاراپ تۇرىدۇ. بىر نېمە دېمەكچى بولىدۇ.)

رەھبەر: كېتىۋاتامسىز؟

غەنى: كېتىۋاتىمەن. خەير ئەمدى. (چىقىپ كېتىدۇ)

نازىمە: باپلىدىمۇ؟

رەھىمە: باغرى تاش، ئۇياتسىز!

(نازىمە ئۇنىڭغا بۇرنىنى پۇرۇشتۇرۇپ چىقىپ كېتىدۇ. رەھبەر ھامان مىدىر قىلماي تۇرىدۇ، بىر قارارغا كەلگەندەك ئالدىراپ ئۇنىڭ كەينىدىن كوچا ئىشىكى تەرەپكە يۈگۈرەيدۇ.)

رەھىمە: ئاتامغا جاپا بولدى، ئاتامنى قېرىغاندا بۇنچىۋالا خاپا قىلىشنىڭ ئورنى يوق ئىدى. ئۇ كىشى كىچىك ئادەم بولمىسا. ھەي، ئەدەبسىز نازىمە ...

قۇدرەت: (ئالدىراپ كىرىدۇ.) ئاتام قېنى؟

رەھىمە: ھازىر چىقىپ كەتتى. كىنوچىلار بىلەن تېرمىزغا مېڭىپ كېتىشتى.

قۇدرەت: ھەي، ئىسىت. بىر مومايىنى كۆندۈرگەنىدىم. بەك ياخشى ئىدى. ئۇ رۇسچىمۇ، فرانسۇزچىمۇ بىلىدىكەن. ئۆزى بىلەن سۆزلەشتىم. رازى بولدى. ئاتام ئۇنىسىلا بولاتتى. تويىنى باشلىۋېتەتتۇق.

رەھىمە: ئاتام ئەمدى بىزنى كەچۈرمەيدۇ. نازىمىخان خوتۇنلارغا لىمونخانىنى ئېچىپ بەرگەنتى ...

قۇدرەت: ئەستاغپۇرۇللا، بەلكى ئامىلاشمىغان ئىش بولۇپتىغۇ، ھەي، لەنىتى!

ئەركىن: (قولىدا خەت كۆتۈرۈپ ھولۇقۇپ كىرىدۇ) ئاتا، مانا خەت. بوۋام بېرىپ كەتتى. ئاتاڭغا بەر، دېگەنىدى.

قۇدرەت: (كونۋېرتنى ئالدىراپ ئاچىدۇ، ئوقۇشقا باشلايدۇ) «باللىرىم، مەن سىلەرنى ئەتىۋارلاپ، سىلاپ - سىيپاپ باقتىم، ھاپاش ئېتىپ چوڭ قىلدىم. كىشىنىڭ دەردىگە كىشى يەتمەس، دېگەندەك يۈرىكىمدىكى دەردلىرىمنى بىلمىدىڭلار. نەچچە يىللاپ قىلغان ئەمگىكىم، ئارزۇ - ئۈمىدلىرىم بولغان لىمونخانامنى پايخان قىلىشقا يول قويدۇڭلار. مەن ئاشۇ لىمونخانىدا تىمىسقىلاپ يۈرۈپ ئۆزۈمنى بەزلەيتتىم. سىلەر بۇنىڭ قەدرىگە يەتمىدىڭلار. تېرمىزغا مېڭىپ كەتتىم. رەھبەر ئاچاڭلار مەن بىلەن بىللە كەتتى. ساق - سالامەت يېتىپ بارساق، كاراپېتيان سۈرەتچى ھايات بولسا ئۇنىڭغا، ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئوغلىغا سۈرىتىمىزنى تارتقۇزۇپ ئەۋەتىمىز. كېلەر ھەپتىنىڭ جۈمە كۈنى كەچ سائەت يەتتە يېرىمدا تېلېۋىزورنى موسكۋا تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ پروگراممىسىغا توغرىلاپ قويۇڭلار، مېنى كۆرسىتىدۇ. سىلەرگە رەھبەرئايدىن سالام ...»

زۇمرەت: ۋاي، جىمغۇر رەھبەرئانا ئاللىقاچان ئىشنى پۈتتۈرۈپ قويغانىكەن - دە.

قۇمرى: زۇمرەت، يەنە قورۇق قالدىڭ. ئەمدى ئۆزۈڭنى قايسى دەرەخكە ئاسىسەن؟

زۇمرەت: ئۆزۈمنى ئاسىدىغان ئەخمەق يوق.

نازىمە: (ئىشىكتىن ھولۇقۇپ كىرىدۇ) ئاتام ئاۋۇ رەھبەر موماي بىلەن ئاللىقاچان قېچىپ كەتكەنمىش، شۇ راستمۇ؟

قۇدرەت: راست!

(ئاخىرى 78 - بەتتە)



# ساۋاق



(ھېكايە)

نۇر مۇھەممەت توختى

ئاھىيلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ئۈچ كۈندىن بېرى جىددىي ئېچىلىۋاتاتتى. بۇمۇ ئىلگىرىكى قۇرۇلتايغا ئوخشاشلا قۇرۇلتاي ئىدى. كۈنتەرتىپلىرىمۇ، مۇزاكىرە قىلىنىدىغان مەسىلىلەرمۇ، ئېلىپ بېرىلىدىغان سايلاممۇ ئىلگىرىكى قېتىملاردىكىگە ئوخشايتتى. لېكىن ۋەكىللەر ئالدىنقى نۆۋەتلىك ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى قاراپ چىققاندا، نېمىشقىدۇ ئۇتۇقلار توغرىسىدىمۇ، كەمچىلىكلەر توغرىسىدىمۇ كۆپ گەپ قىلىشمىدى، پەقەت ساۋاقلارنى يەكۈنلەشكە بەكرەك ئەھمىيەت بەردى. بولۇپمۇ «شامالباغ» يېزا ۋەكىللىرى بىلەن «قارا باغ» يېزا ۋەكىللىرىنىڭ ساۋاقلارنى يەكۈنلىشى چوڭقۇر بولدى. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ يەكۈنلىگەن ساۋىقىمۇ بىردەك ئىدى. ئۇلار باشقا يېزا ۋەكىللىرىنىڭ قۇلاقلىرىغا پىچىرلىدى. لېكىن ئۆزلىرى يەكۈنلىگەن ساۋاقنى مەسئۇل دائىرىلەردىنمۇ، يېڭى ھاكىم نامزاتلىرىدىنمۇ مەخپىي تۇتتى.

بۈگۈن سايلام بولىدىغان ئاخىرقى كۈن ئىدى. چۈشتىن بۇرۇن ۋەكىللەر گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ يېڭى ھاكىم نامزاتلىرىنى قاراپ

www.uyghurkitap.com

چىقتى. نامزاتلار ئۈچ كىشى ئىدى.

بىرىنچىسى، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، كېيىن مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ نەزەرىيە سىنىپىدا ئىككى يىل ئوقۇغان، ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، مول تەجرىبىلىك، 45 ياشلىق ئاگرونوم ئەخمەت ئىدى.

ئىككىنچىسى، سەككىز يىلدىن بېرى مۇئاۋىن ھاكىملىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن 52 ياشلىق تۇرسۇن ئىدى.

نامزاتلارنىڭ ئۈچىنچىسى، باشلانغۇچ مەكتەپ سەۋىيىسىگە ئىگە، يەر ئىسلاھاتىدىلا خىزمەتكە قاتناشقان، 15يىلدىن بېرى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە ئىشخانا مۇدىرى بولۇپ ئىشلەۋاتقان، قېرى كالىدەك مىس-مىس، 59ياشلىق تالىپ ئىدى. قارىغاندا، ئۇ پەقەت ئوشۇق سان ئۈچۈنلا نامزاتلىققا كۆرسىتىلگەندەك تۇراتتى.

مۇزاكىرە باشلاندى. نامزاتلار ھەر قايسى گۇرۇپپىلارغا كېلىپ «سايلام نۇتۇقى»لىرىنى ئېلان قىلىشتى. ئۇلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېت بىلەن بىردەكلىكنى ساقلايدىغانلىقىنى، ئومۇملۇقنى نەزەردە تۇتىدىغانلىقىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. نامراتلىقنى تۈگىتىدىغانلىقى، مائارىپنى يۈكسەلدۈرىدىغانلىقى توغرىسىدىكى دەبدەبىلىك ۋەدىلىرىنىمۇ جاكارلاشتى... ئۇلارنىڭ مۇقاملىرى بىردەك ئىدى. پەقەت ئېگىز-پەسلىكى، جاراڭلىق، جاراڭلىق ئەمەسلىكىلا پەرق قىلاتتى. ئاگرونوم ئەخمەتنىڭ ئاۋازى ئۆزىنىڭ غەلىبە قىلىشىغا بولغان ئىشەنچى بىلەن جاراڭلايتتى. مۇئاۋىن ھاكىم تۇرسۇننىڭ ئاۋازىمۇ ئۆزىنىڭ تۆۋەندە ئاساسى بارلىقىنى ئۇقتۇرۇپ تۇراتتى. پەقەت تالىپ مۇدىرنىڭ ئاۋازىلا ئىشەنچىسىز چىقتى. ئۇنىڭ ئاۋازى جاراڭلاپ ئەمەس، گۇدۇڭلىغاندەك، پىچىرلىغاندەك ئاڭلاندى...

نامزاتلارنىڭ «سايلام نۇتۇقى»دىن كېيىن ۋەكىللەر ئۇلاردىن سوئال سوراشقا باشلىدى. «شامالباغ» يېزا گۇرۇپپىسىدىمۇ، «قارا باغ» يېزا گۇرۇپپىسىدىمۇ ۋە باشقا يېزا گۇرۇپپىلىرىدىمۇ ئۈچ نامزاتتىن ئوخشاشلا سوئال سورالدى:

— سىزنىڭ شەھەر ئىچىدە يېڭى سالغان ئۆيىڭىز بارمۇ؟ ئاتا-ئانىڭىز، ئاكا-ئىنىلىرىڭىزنىڭ شەھەردە سالغان ئۆيى بارمۇ؟ ئوغۇل-قىزلىرىڭىزغا ئۆي سېلىپ بولدىڭىزمۇ؟ ئەگەر شەھەر ئىچىدە ئۆيىڭىز بولسا، ئۇنى سېتىپ يېڭىدىن سېلىش نىيىتىڭىز بارمۇ؟

ئاگرونوم ئەخمەت:

— ئاتا-ئانامنىڭ ئۆيى يېزىدا. مېنىڭ يېزىدىمۇ، شەھەردىمۇ ئۆيۈم يوق. مەن ئۈچ بالام بىلەن بەش جان ئادەم ئىدارىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

مۇئاۋىن ھاكىم تۇرسۇن:

— مېنىڭ شەھەر ئىچىدە ئون ئېغىزلىق ئۆي سالغىنىم راست. چوڭ ئوغلۇممۇ ئۆي سالدى. لېكىن مەن ئاللىقاچان گىراژدانلىق سالاھىيىتىنى ھازىرلىغان پەرزەنتلىرىمنىڭ ئىشلىرىغا جاۋابكار ئەمەس. مەن ئوغۇل-قىزلىرىمنىڭ ھېچقايسىسىغا ئۆي سېلىپ بەرمىدىم، — دېدى. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ئېنىقكىدۇر بىر نەرسىگە تېرىككەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىن بىر قوشۇمچە سوئال سورالدى:

— سىزنىڭ نەچچە ئوغۇل، نەچچە قىزىڭىز بار؟

— ئۈچ ئوغۇل، ئىككى قىزىم بار.

ئەندى جاۋاب بېرىش نۆۋىتى تالىپ مۇدىرغا كەلگەنىدى. ئۇنىڭ مىسىلداپ چىقىدىغان ئاۋازى يەنىمۇ بەكرەك تۆۋەنلەپ كەتتى. ئۇ، قارىغاندا ئۆزىنى سايلامغا قاتنىـ

شۇۋاتقاندەك ئەمەس، جىنايى جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش مۇنبىرىدىگە چىقىشىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ تۇراتتى. ئۇ، بۇ يەردە يالغان سۆزلىيەلمەيتتى. ئۇنى ھەممىسى بىلەتتى. ئىگىلىگەن يەر، سالغان ئۆي دېگەن سومكىغا يوشۇرغىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس. ئۇ راستىنى راست دېدى:

— شەھەردە سالغان سەككىز ئېغىزلىق ئۆيۈم بار. يېزىدىكى بىردىنبىر ئىنىممۇ شەھەرگە كىرىپ ئۆي سالدى. ئىككى قىز ۋە بىر ئوغلۇمنىڭ ھەممىسىگە ئايرىم - ئايرىم يەر ئېلىپ ئۆي سېلىپ بولدۇم، ئەندى، بىلىسىلەر...

ئۇ نېمىنىدۇر چۈشەندۈرمەكچى بولغانىدى، ۋەكىللەر قۇلاق سالمىدى. ئۇنىڭغىمۇ بىر قوشۇمچە سوئالغا جاۋاب بېرىشكە توغرا كەلدى.

— ئۆيىڭىزنى سېتىش نىيىتىڭىز بارمۇ؟ باشقا ئۆي سېلىش خىيالىڭىز بارمۇ؟

— مېنىڭدە ئۇنداق نىيەت يوق. كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، بىر پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىدى، ئەندى يەنە ئۆي سېلىپ يۈرەلەمدىمەن؟ ئوغۇل - قىزلىرىممۇ ئۆزلىرىگە سېلىپ بەرگەن ئۆيىدىن رازى. مەن ئۇلارنىڭمۇ ئۆي سېتىپ - ئۆي يېڭىلاپ يۈرمەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن...

ئۇنىڭ سۆزلىرى سەممىيدەك تۇيۇلاتتى. گەرچە ئۇ ھەممە گەپنى ياۋاشلىق بىلەن دېگەن بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر ئۆزىنى چاۋسى چىقتا يېپىلغاندەك، ئەل - جامائەت ئالدىدا سازايى قىلىنغاندەك ھېس قىلىپ قالدى. ئۇ جاۋاب بېرىۋاتقاندا قېرىلىقتىن سەل - پەل مۈكچەيگەن گەۋدىسى يەنىمۇ بەكرەك مۈكچىيىپ كەتكەندەك كۆرۈندى. غودۇڭشىشلىرىدىن، ئۆزىنى نامزات دەپ ئوتتۇرىغا چىقىرىپ قويغانلاردىن ئاغرىنىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

ئاشۇ بىر قاتار سوئال - جاۋابلاردىن كېيىن كىمنىڭ ھاكىملىققا سايلىنىشى ئالاھەزەل ئېنىقلىنىپ قالدى. بولۇپمۇ خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىكىلەر ۋە ۋىلايەتتىن سايلامغا نازارەت قىلىشقا كەلگەن رەھبەر ئاشۇنداق ھېس قىلدى. ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە «سان» بار ئىدى. ئاشۇ «سان» ئەندى ئوتتۇرىغا چولپاندەك پارلاپ چىقتى. خەلقنىڭمۇ كۆزى بار. كىم دىيانەتلىك؟ كىم پاك؟ ئۇلارمۇ بۇنى ئايرىيالايدۇ. ھېلىقى سوئال - جاۋابلاردىن كېيىن ۋەكىللەر بۇنى ئېنىق كۆردى. شۇنداقكەن، ئەندى يەنە نېمىشقا ئاشۇ «سان»غا بېلەت تاشلىمىسۇن؟ لېكىن...

چۈشتىن كېيىن رەسمىي بېلەت تاشلاندى. ئاۋاز سانىمۇ ۋەكىللەرنىڭ كۆز ئالدىدىلا ھېسابلاپ چىقىلدى. سان قارا دوسكىدا ئاق بور بىلەن ئايان بولدى. مانا شۇ چاغدا ھەممىنىڭ كۆزى بىردىن چەكچىيىپ كەتتى. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىكى رەھبەرلەرنىڭمۇ، ۋىلايەتتىن كەلگەن رەھبەرنىڭمۇ، ئىدارە - جەمئىيەت گۇرۇپپىسىدىكى ۋەكىللەرنىڭمۇ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. ھەتتا تالىپنىڭ كۆزلىرىمۇ چەكچىيىپ كەتتى. ھەقىقەتەنمۇ ئۇلارنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكۈدەك ئىش بولغانىدى: سايلامدا تالىپ غەلىبە قىلغان، ئەخمەت بىلەن تۇرسۇن مەغلۇپ بولغانىدى.

سايلام دېگەن سايلام، ئۇ سايلام قانۇنىغا ئاساسەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. كۆزلەر ھەرقانچە چەكچىيىپ كەتكەن ھالەتتىمۇ سايلامنىڭ نەتىجىسىنى ئېتىراپ قىلماي مۇمكىن ئەمەس. شۇنداق قىلىپ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن ئاشۇ كىشىلەر سايلامنىڭ نەتىجىسىنى ئېتىراپ قىلىشقا، ئاشۇ مىس - مىس تالىپنى يېڭى بىر نۆۋەتلىك ھۆكۈمەتنىڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ھاكىمى دەپ ئېلان قىلىشقا مەجبۇر بولدى، ئېلان قىلىشنىمۇ قىلدى، لېكىن ھەيرانلىق ئىچىدە ئېلان قىلدى. ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ ھەيران ئىدى. پەقەت يىېزىدىن كەلگەن ۋەكىللەرلا تىنىچ ۋە خاتىرجەم ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتمىدى، خۇشاللىقتىن پارقىراپمۇ كەتمىدى. تالىپنىڭ ھاكىملىققا تەيىنلەنگەنلىكى ئېلان قىلىنغاندا، ئۇلار قىزغىن، ئەمما ئادەتتىكىچە چاۋاك چېلىپ قويدى.

كەچتە ۋەكىللەر قايتىشقا تەرەددۇتلەندى. ئاشۇ چاغدا ۋىلايەتتىن كەلگەن رەھبەر ئۆزىنىڭ بالىلىق ۋە ياشلىق ۋاقتىدىكى دوستىنى — «قارا باغ»لىق ۋەكىلنى ئىزدەپ كەلدى:

— سىلەر نېمە قىلىپ قويدۇڭلار؟ ئاشۇنداق ئادەمگىمۇ ئاۋاز بېرەمسىلەر؟

— سەن بىزنى تالىپقا ئاۋاز بەرمەسلىكلار بولاتتى دېمەكچىمۇ؟ ۋاي، ئاغىنە، بىز كىمنى سايلاش توغرىسىدا كۆپ باش قاتۇردۇق. خۇداغا شۈكرى، ھېلىمۇ نامراتلىرىڭنىڭ ئىچىدە يېنەرلىك يەر ئىگىلەپ ئۆزىگە، بالا-چاقىلىرىغا ئۆي سېلىپ بولغان ئادەم بار ئىكەن، بىز شۇنىڭغا ئاۋاز بەردۇق. ئۆزۈڭ ئاڭلىدىڭغۇ، ئەخمەتنىڭكىگۇ ھاكىملىققا چېلى شەرتى

تۇشاتتى، يىراق، ئۈچ بالىسى، يەنە ئۆزى بار ئىكەن. تۇرسۇنىڭمۇ يەنە تۆت بالىسى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئەگەر بىز ئۇلارغا ئاۋاز بەرسەك، ئۇلار ھاكىم بولۇپ سايلانسا، ئۇلارمۇ ئىلگىرىكىلەرگە ئوخشاشلا ئۆي سېلىشقا، ساراي - ھەرەم سېلىشقا باشلايدۇ. تۆت يەردىن يەر ئىگىلەپ تۆت يەرگە ئۆي سېلىشقا باشلىسا، بىز ياغاچنى قانداق تونۇشتىمىز؟ خىش - كېسەكنى قانداق توشۇتىمىز؟ ئۆگزىسىگە ياپىدىغان بورىسىنى، پاخالنى قانداق توشۇپ بولىمىز؟ تۆت ئۆيگە كېرەكلىك سېمونتنى، پولات چىۋىقنى، لەيىنەكنى نەدىن تاپىمىز؟ ئىلگىرىكىلەرگە توشۇغانلىرىمىزمۇ يېتەر. بىزنىمۇ بېلىمىزنى رۇسلىۋېلىشقا، ماغدۇرلىنىۋېلىشقا قوي...

— سىلەر بۇلارنىمۇ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىدۇ، دەيدىكەنسىلەر - دە؟

— شۇنداق. بىز بۇندىن بۇرۇن شۇنداق ھاكىملارنى كۆردۇق - تە ئاداش.

«قارا باغ»لىق ۋەكىل بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى. ۋىلايەتتىن كەلگەن رەھبەر ئۆز ئورنىدا ھاڭۋېقىپ تۇراتتى. ئۇ، بۇنداق بولۇشنى زادىلا ئويلىمىغانىدى.

1989 - يىل 20 - سېنتەبىر، خوتەن

(بېشى 74 - بەتتە)

نازىمە: ۋايجان! ئانامنىڭ روھى قورۇلىدۇ!

جۆرە: (تامىدىن بېشىنى چىقىرىپ) نېمە ئىش؟ يەنە نېمە غەلۋە؟

نازىمە: ئاتام ئاۋۇ رەھبەر موماي بىلەن ئالىلىقاياققا قېچىپ كېتىپتۇ.

جۆرە: قاچقان بولسا نېمە بوپتۇ؟ بۇ رەھبەر بىلەن بىرىنچى قېچىشى ئەمەس. 1939 - يىلىمۇ ئاشۇ رەھبەر بىلەن قاچقانىدى. تەشۋىشلەنمە، قىزىم. قاچقان بولسا، ئەلۋەتتە رەھبەر بىلەن بېشىنى بېشىغا تەگكۈزۈپ چۈشكەن سۈرىتى كېلىدۇ.

بەھرى: (مەخسۇمنى قولىدىن سۆرەپ كىرىدۇ، ھاياجانلانغىنىدىن ئاۋازى چىقماي خىرقىراپ سۆزلەيدۇ) ئاتام قېچىپتۇ. ئاتام ئاتام قېچىپ كېتىپتۇ، ئاتام قېچىپ كېتىپتۇ. (نازىمەگە ئېتىلىدۇ) سەن جاۋابكار. ھەممىسىگە سەن سەۋەبچى. ئاتام قېچىپ كېتىپتۇ. ئاتام ...

جۆرە: مانا بۇنى ياشلىقتا بەرگەن كۆڭۈل، دەيدۇ.

(پەردە يېپىلىدۇ)

يازغۇچىنىڭ ئۆزبېكچە «يۇلتۇز» ناملىق توپلىمىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇۋەلى خەلپەتوۋ




## ئىز چۈشمىگەن يول

(نەسىرلەر)

شاكىر بۇغرا

ئانام ئالتە بالا تۇغۇپ ئالتە كۈن راھەت كۆرمىگەن ئايال.

* * *

مەن يەر شارىدا ھەيران قالىمەن: ئۇنىڭ تاغلارنى، دېڭىز - ئوكيانىنى، قۇم بارخانلىرىنى، ساناقسىز ئادەملەرنى كۆتۈرگىنىگە... يەنە كېلىپ ئۆزىگە ئىككى باراۋەر كەلگىدەك قىلمىش - گۇناھلارنى كۆتىرىپ تۇرغانلىقىغا!...

* * *

پاھ! نېمىدېگەن چوڭ ئۆزگىرىش بۇ: بىر كېچىدىلا بۇ ئالەمنىڭ بېشىغا ئاق كىرىپتۇ.

* * *

ئۇلارنىڭ يىغىسى - بىزنىڭ كۈلكىمىز. بۇلۇت ياش تۆكسە قايسىبىر گۈل - چېچەك ئېچىلىپ كۈلمىگەن.

* * *

كېلىچەك — بۇ ئالەمنىڭ تولغىقى. قۇلىقىمغا ئىڭراش ئاۋازى كېلىۋاتىدۇ.

* * *

پۈتكۈل ھايۋانلار ئىچىدىن ئادەملەرنى ئىزدىسەم، كۆزۈمگە ھېچ چېلىقمىدى. ئادەملەر ئىچىدىن ھايۋانلارنى ئىزدىسەم ھەردەم ئۇچراپ تۇردى.

* * *

قىزىلگۈلنى پۇراپ - پۇراپ مەست بولدۇم، يېشىلسەم، يىلتىز يېتىشكەن قىغدا ياتىمەن.

* * *

قۇربان ھېيتتا قىلدۇق قۇربانلىق، بۇۋام ساقال سىيپىدى، مومام شادلاندى، ئاتام ئانامغا قاراپ تەبەسسۇم قىلدى، بىزلەر چۇرقىراشتۇق.
ھاياتلىققا بولاي كۆك قوچقار!

## ئۆزلۈك نەپەسلەر

ئابدۇرەشىد ئابدۇلەھەد (ئوقۇتقۇچى)

ساغلام زىيانلىق بولغان ئادەم سېنى تىللىغۇچى ئەمەس، بەلكى يۈز تۇرانە ھالدا ماختىغۇچىدۇر.

* * *

شەمشەر بىسىنىڭ ئۆتۈرلىغانلىقى، ئۇنىڭ ھاياتلىق ئۈچۈن قانچىلىك تۆھپە قوشقانلىقىدىن دېرەك بەرسە، بىسىنىڭ يانغانلىقى، ئۇنىڭ كېرەكتىن چىققانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، ئەمما، سۇنۇپ كەتكەنلىكى بولسا، ئۆتكۈرلۈكىنىڭ ئىپادىسى.

* * *

دەرەخ ئەمدىلا يېتىلگەن يۇمران بىخلىرىنىڭ كېيىن پالتىغا ساپ بولىدىغانلىقىنى ئويلىمىسا كېرەك.

* * *

باشقىلارنىڭ ساڭا كۆرسەتكەن ئەقلى ئۇنىڭ ئىجادى ئەمەس، پەقەت ئۆز كەچۈرمىشىنىڭ بىر قىسمى.

* * *

سېنىڭ قەدىر - قىممىتىڭنىڭ بار - يوقلىقى ھايات ۋاقتىڭدا باشقىلارنىڭ سېنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرگەنلىكىدە ئەمەس، بەلكى ئۆلگەندىن كېيىن تىللىغان - تىللىمىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.

* * *

قىش قانچە ئۇزۇن بولسا، باھارغا بولغان ئىنتىلىش شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ.

* * *

بۇيرۇق بېرىش - باشقۇرۇشنىڭ، تەشكىللەشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تەدبىرى، ئۇنىڭ داۋاملىق قوللىنىلىشى — مەغلۇبىيەتنىڭ بېشارىتى.

* * *

دۇنيادىكى كۆپ نەرسىلەر تۈگىگەندە ياكى تۈگەيلا دەپ قالغاندا غايەت زور قىممەتكە مۇيەسسەر بولىدۇ.

* * *

ئىتنىڭ قەدىر - قىممىتى — ئۇنىڭ غالجىرلىقىدا.

* * *

سەن ئىلىم - پەن چوققىسىغا چىققاندىمۇ، يەنىلا تۇرمۇش مەكتىپىنىڭ سەبىي ئوقۇغۇچىسى.

* * *

ئىنسان-بارلىق شەيئىلەرنىڭ ھەم ئىجادچىسى، ھەم قاتىلىدۇر.

* * *

مەنزىل يېقىنلاشقانسېرى كارۋاننىڭ تەشئالىقى شۇنچە كۈچىيىشكە باشلايدۇ.

* * *

ئادەمنىڭ قولى بىلەن ئېغىزى ئارىلىقىدا چەكسىز بىر بوشلۇق مەۋجۇد. ئەگەر بۇ بوشلۇق بولمىغاندا ئىدى، مىڭگە بىزنىڭ ئېھتىياجىمىز چۈشمىگەن بولاتتى.

* * *

ھەقىقەت - يۈزسىز، رەھىمسىز كىشىلەرگە مۇھتاج.

* * *

بۇلبۇل گۈلنىڭ ئىشىق - پىراقىدا زار يىغلاپ - كۆزلىرىدىن قەترە - قەترە خۇن ئارىلاش ياش تۆككىنىدە، گۈل ئۇنى ئىچىپ قىپقىزىل رەڭگە كىردى. بۇ، گۈلنىڭ بۇلبۇلغا بىلدۈرگەن ھېجىللىقىمۇ ياكى مەنسىتمىگەنلىكىمۇ؟

* * *

ھېچقانداق يەردىن تېپىلمىغان ئەڭ چوڭ ساخاۋەت ۋە رەزىل ۋەھشىيلىك ئىنساندىن تېپىلىدۇ.

## ناۋائى نەدە؟

ياقۇپ كېرەم (ئوقۇغۇچى)

مەن بىر دانىشمەندىن سورىدىم:
— ھەي دانىشمەنىم، ناۋائى نەدە؟
دانىشمەن ئېيتتىكى:
— ئۇنىڭ جىسمى تۇپراقنىڭ كۆكسىدە، غەيرەت - شىجائەتكە باي ئۇمىدۋار روھى بولسا كىشىلەر قەلبىدە، بىزگە قالدۇرغان ئۆچمەس ئىزى بولسا بىلىم خەزىنىسىدە!

## شېئىرلار

دولقۇن روزى (ئوقۇغۇچى)

### مەست شائىر

«ئويغان!
ئويغان!!» دەپ ۋارقىراپ قويۇپ،
ئاستا - ئاستا كەتتى ئۇيقۇغا...!

### ھايات ۋە ئۆلۈم

مەن ئانامدىن يىغلاپ تۇغۇلۇپ،
يىغام بىلەن قويدۇم ئۈزۈتۈپ.


### پەيلاسوپ

ساقايتماقچۇن سارالڭ ئىدرەكىنى،
ئەبەدىلىك پەلسەپە يېزىپ.
قالمىغاندا دۇنيادا سارالڭ،
قالدى ئۆزى ئەقىلدىن ئېزىپ.

## ناخشىچى

تۇراپ دائىم (ئوقۇتقۇچى)

قوناقلىقتىن باشلانغان ناخشا،
ئېلىپ چىقتى ئۇنى سەھنە، ئېكرانغا.



باھار كەلدى ئەنۋەر ئابلىم فوتوسى


《新疆文化》综合型文学双月刊（维吾尔文） «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»


1990 ـ يىل 3 ـ سان (قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

编辑：《新疆文化》编辑部
出版：新疆维吾尔自治区群众艺术馆
印刷：《新疆日报》印刷厂
发行：乌鲁木齐市邮局
订阅：各地邮局（所）

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى. تېلېفون نومۇرى: 28055
ش ئۇ ئا ر ئاممىۋىي سەنئەت يۇرتى نەشر قىلدى.
«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ.
ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

国内统一刊号：CN 65－1073／I
本刊代号：58－22 定价：伍角

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN 65 ـ 1073/1
ژۇرنال ۋاكالەت نومۇرى: 22 ـ 58. باھاسى 50 پۇڭ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com